6/1992

# ياچپيكا تورموشى







⇦ لەنجۇ ھەربىي رايون سىياسىي بۆ «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر باشقارمىسى ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ئابدۇۋەلى ئابدىكېرىم (ئوڭدا) بارلىقىنى پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بېغىشلاپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئوبۇل ئەزىزى خەۋىرى،
فوتوسى



⇦ ئاتۇش شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش راببىيە زىياۋىدىن مائارىپ خىزمىتىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئىرىنچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ 88 - ، 89 - يىللىرى يېتىلىپ ئىرلار خىزمىتى ۋە تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن مەكتەپ باشقۇرغۇچى» مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

ئەركىن ئابلەت خەۋىرى ۋە فوتوسى

⇦ جاقىلىق ناھىيىسىنىڭ تېكەلىك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى يولداش تاجەم سىدىق يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن ئىجانەتلىك بىلەن ئىشلەپ، يېزىنىڭ خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، بەشتە ياخشى سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

تۇردى ھاشىم خەۋىرى ھەم فوتوسى

⇧ غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەسەنجان غوپۇر (سولدا) ئىشچىلار ئويۇشما خىراجىتىنى تېجەپ ئىشلىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى، تەنتەربىيە ئويۇن ۋە قىرائەتخانە، كۈتۈپخانا قاتارلىق مەنىۋى سورۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇردى. شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

كامال جامال فوتوسى





⇦ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي شەھەرلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى سىدىق روزى زاۋۇتنىڭ قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئوزۇن يىللاردىن بۇيان پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئوزىدىن كۆڭلىدىكى ئىشەنچىسىنى ئاقلىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» ۋە «ئۈلگىلىك مۇرەسسە خادىمى» دېگەن شان - شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلىنىپ كەلمەكتە.

ياقۇپ خەۋىرى ۋە فوتوسى

## ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدۇ

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىسلاھات. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلەتكەندىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. يېزىلارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە بېرىشنى ئاساس قىلغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتە؛ بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە؛ يېزا ئىگىلىكى ساھەسىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ۋە ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش لازىم. ھازىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى راۋان بولماسلىق، باھا راۋان بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت، بۇ مەسىلە تېزدىن ھەل قىلىنمىسا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يېتىدۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولىدۇ. شەھەرلەردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇھىم ۋە جاپالىق. شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئاچقۇچى كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتە. ئېلىمىزنىڭ شەھەرلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرى تارىختا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۇزاق جەريانى بار، يىلتىزى چوڭقۇر ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ھەرگىزمۇ بىر دەملىك ئىش ئەمەس. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئىللەتلەر بىر ئاز ئۆزگەرتىلدى، بەزىلىرىگە ئەمدى تېگىش قىلدۇق، بەزىلىرى شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق بوغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.




# ياچىيكا تۇرمۇشى

(ئايلىق ژۇرنال)

1992 ـ يىل 6 ـ سان

ئومۇمىي 341 ـ سان

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ.

سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: غاپپار نىياز، ئالىم غازى

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: سالام ئابدۇراخمان


## مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار


پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي تېخنىك كادىرلار قوشۇمچە ۋەزىپە ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ ... 4

گوۋۇيۈەنىڭ كارخانىلاردا زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ............... 5


## ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش


ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب .... ........................... نىيازوپ 7

پىلانىمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە............... بې يۈچاڭ 11


## پارتىيەقۇرۇلۇشى


پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈستۈرەيلى ............. شې جىچاڭ 16


## ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمىتى


ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى خۇشاللىققا چۆمدى ............ ئا. زۇنۇن 18


## ئىدىيۋى ـ سىياسىي خىزمەت


ئىدىيۋى ـ سىياسىي خىزمەت «ئۈچ ئۆمۈر»نى چىقىپ تاشلاشقا يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك................ چۆەن بيەن 22


## ئىتتىپاقلىق شەجەرىسى


سىڭگىم يېزىسىدا ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى.............. 25


## سىياسەت مەسلىھەتچىسى


يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .... جاڭ شاۋرىن 28


## قىز ىق نۇقتىلاردىن پارالىك


پاي چېكى، پايچېكلار شىركىتى، پاي چېكى بازىرى، پاي چېكى ئىلىپ ـ سېتىش ..................... يى. شىربا 31


## پاكلىق قۇرۇلۇشى


پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى دىيانەتلىك ئەر ـ خوتۇن ...... ت. ئۇردى 33

## گۈل ۋە تىكەن


شۇ جىنىڭ پىداكارلىق روھى (تۆت پارچە) ................ 34


## پارتىيىگە ئىنتىلگۈچىلەر كۈلۈبى


كومپارتىيە ئەزالىرىدا جەزمەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى شەرت.. 36


## ئىدىيىۋى سۆھبەت


«سىلىشتۇرۇش» ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز ........ جى مىڭجى 39


## تەرمىلەر تەرمىلەر


پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيانقى ئۆشىيەنى 100 بىلىمچە تەكشىلەش كېرەك (9 پارچە) ... 40


## ئاۋانگارتلارغا مەدھىيە


تارىم ۋادىسىدىكى تۆمۈر ئاپال ................ ت. نىياز 44
نامسىز قەھرىماندىن نامايەندىلەر ........ ئا. روزى، ئو. مەتنىياز 46


## ئىبرەت بولسۇن


پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ...........
.......................... ئە. مەتتۇرى 49


## شىنجاڭ پارتىيە تارىخى


شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى
تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ................ 50


## شىجاڭ تارىخىغائائىت بىلىملەر


شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
ئەنئەنىسى .......................... رۇ پىڭ 55


## مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب


«بىرلەشمە گەۋدە»، «ئىنگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى»، «سوۋېت
ئىتتىپاقى»نىڭ قانداق پەرقى بار؟ .................... 59


## ئەنئەنە تەربىيىسى


جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ۋەتەنداشلار ئۈچۈن دەيدىغان
روھ بولۇشى كېرەك .................... چىن داۋ 60


## خەت ساندۇقى


دادىسى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا بولامدۇ؟ .............. 61



«ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى.

شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN65—1002/Z

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 - قورۇ.

تېلېفون: باش ئاپپارات 217524، 217532 تارقىلىش 698، 829

ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

# پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي - تېخنىك كادىرلار قوشۇمچە ۋەزىپە ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى، ئەمگەك نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى «ئون ماددىلىق بەلگىلىمە» دىكى ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەن: ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي - تېخنىك خادىملار ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىش ھەققىنى توختاتمىسا، قوشۇمچە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا، سودا قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ، ئورگانلارنىڭ پاكلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق. ۋەزىپىسىنى ۋە ئىش ھەققىنى ساقلاپ قالغانلار زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغان، ناھىيە - يېزىلاردا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قۇرغان پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي - تېخنىك خادىملار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى، زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ ئاساسى ئاجىز، قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ، ۋەزىپىسى ۋە ئىش ھەققىنى ئۈچ يىل ساقلاپ قېلىش كەسپىي - تېخنىك خادىملارنىڭ دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي - تېخنىك خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىش ھەققىنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويماسلىق، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يۈكىنى كۆپەيتمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

«ئون ماددىلىق بەلگىلىمە» دە ۋەزىپىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىش ھەققىنى توختىتىش تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى: ئەمەلىيەت، بىرىنچىدىن، ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىش، ئىش ھەققىنى توختىتىش گەرچە شەخسلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتسىمۇ، ئورۇنلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئورۇنلار بىلەن شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇتتىنىڭ ئىچىدە كۆيۈشكە .بەل باغلاپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى، ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىش ھەققىنى توختىتىپ تۇۋەنگە چۈشكەن خادىملار بەزى قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان رايىدىن يېنىپ، كارخانىلار بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولالمايدىغانلىقىنى، كارخانىلار بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلەت ئورگانلىرى ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دۇچ كەلمەكتە، ئورگان خادىملىرىنى بۆلۈپ يۆرۈشلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىش ھەققىنى توختىتىشنى ھازىرقى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ستاژىنى ساقلاپ قېلىش چارىسىگە ئۆزگەرتىش ئاپپارات ئىسلاھاتىغا، كەسپىي - تېخنىك خادىملارنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن زور ئىشلارنى قىلىشىغا پايدىلىق.

# گوۋۇيۈەننىڭ كارخانىلاردا زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ھازىر ئىلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋەزىيىتى داۋاملىق ياخشىلانماقتا. لېكىن كۆپ يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن كارخانىلارنىڭ ئېغىر ھالدا زىيان تارتىش ئەھۋالىدا تېخى تۈپتىن بۇرۇلۇش بولغىنى يوق. بۇ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلىنىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭا، گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە كارخانىلاردا زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

1. زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تېز راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى فۇنكسىيىسىدە بۇرۇلۇش قىلىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تېزگىنلەش ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كارخانىلاردا ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىشى لازىم. بارلىق كارخانىلار، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تېز ئۆزگەرتىپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشتە مەۋقەنى كارخانىلارغا قارىتىش كېرەك.

2. نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتلاممۇ - قاتلام ئورنىتىش كېرەك.

بۇ يىلقى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش نىشانى مۇنداق: خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زىيان دائىرىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5% ئازايتىلىدۇ، كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 10% ئازايتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرلىك زىيان 20% ئازايتىلىدۇ، سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سەۋىيىدە تىزگىنلىنىدۇ. ئۈچ يىل ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى كەڭ دائىرىدە زىيان تارتىدىغان ھالەت تىرىشىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

3. زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

(1) كارخانىلار 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى كېلىپ چىققان زىياننىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، سانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇيەييەن تارماقلىرىغا تەپتىش قىلدۇرغاندىن كېيىن، كارخانا باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە مالىيە، بانكا، باج تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، بوغالتىرنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىدە ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. ھۆددىگە بېرىش كېلىشىمىگە ئاساسەن مالىيەدىن تولۇقلاشقا تېگىشلىك بولۇپ، تولۇقلاپ بېرىلمىگەن بولسا، ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك؛ سىياسەت خاراكتېرلىك پىلاندىن تاشقىرى زىيان ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك زىياننى كارخانىلار ئۆزى تولۇقلاش پىلانىنى تۈزۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىكى پايدا ئارقىلىق تولۇقلىشى كېرەك. (2) كارخانىلارنى 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى يوشۇرۇن زىياننى ئەينەن نەقچوتقا كىرگۈزۈشكە ھەم بىر تەرەپ قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش

لازىم. كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن زىيىنىنى ئاشكارا زىيانغا ئايلاندۇرۇپ، ئايرىم ھېسابقا كىرگۈزۈش، ئەسلىدە بەھرىمەن بولۇۋاتقان سىياسەت خاراكتېرلىك ئەمىناتنى ئۆزگەرتمەسلىك. بانكا ئۆسۈمنى كۆپەيتمەسلىكى كېرەك. (3) سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، زىيانغا قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇل سوممىسىنى بېكىتىش، بەلگىلەنگەن سان بويىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىش ياكى زىياننى ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە ئېلىپ، زىيىنى ئېشىپ كەتسە تولۇقلىماسلىق، زىيىنى ئازايسا، ئازايغان زىياننىڭ مەلۇم قىسمىنى شۇ كارخانىنىڭ پايدىسىغا قوشۇش كېرەك. تىجارەت خاراكتېرلىك زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى بولسا، ھەر دەرىجىلىك مالىيە، بانكا تارماقلىرى مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىشى كېرەك. (4) زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كارخانىلارنىڭ زىياننى ئازايتىش، زىياننى تۈگىتىش سوممىسىنى چېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. زىياننى ئازايتىش، زىياننى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى تارقىتىشقا ۋە ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش كېرەك. زىياننى داۋاملىق كۆپەيتىۋەتكەن كارخانىلاردا زاۋۇت (كان) باشلىقى، جىڭلى ۋە ئالاقىدار خادىملارنىڭ مائاشىنى كېمەيتىش ھەمدە ئۇلارنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە زىياننى ئازايتىش، زىياننى تۈگىتىش نىشانىغا يېتىشكە بۇيرۇش كېرەك؛ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە نىشانغا يەتمىسە، كارخانىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. (5) ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەك ئېشىپ كەتكەن، مەھسۇلاتلىرى بېسىلىپ قالغان، تېخنىكىسى قالاق، اقىچە زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ، تاقاش، قوشۇۋېتىش ياكى باشقا كەسىپكە ئۆزگەرتىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭدا كۆپرەك قوشۇۋېتىش، باشقا كەسىپكە ئۆزگەرتىۋېتىش، ئازراق تاقاش، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. (6) پايدا ئېلىۋاتقان كارخانىلارمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشى، مەھسۇلات سۈپىتىنى، ماددىي ئەشيالار سەرپىياتىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشى لازىم.

4. زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم.

•

---

(بېشى 10 - بەتتە)

ئورنىدىن سىناق نۇقتىسى قىلىنمىغان ئورۇنغا يۆتكەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇرۇنقى سالاھىيىتى بويىچە يەنى مۇقىم ئىشچى بولسا مۇقىم ئىشچى سالاھىيىتى بىلەن، توختاملىق ئىشچى بولسا توختاملىق ئىشچى سالاھىيىتى بىلەن يۆتكىلىدۇ. رەسمىيىتىمۇ شۇ بويىچە بېجىرىلىدۇ. ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئورۇنلارغا يۆتكەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر يۆتكىلىپ كىرگەندىن كېيىن شۇ كارخانا بىلەن ئەمگەك توختىمى ئىمزالايدۇ ۋە ئەمگەك توختام تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

**سوئال:** ئومۇمىي خادىملارغا قارىتىلغان ئەمگەك توختام تۈزۈمىنىڭ مۇددىتى بولامدۇ - قانداق؟

**جاۋاب:** ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەمگەك توختىمى مۇددەتلىك توختام، مۇددەتسىز توختام دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. مۇددەتلىك توختام ئۇزاق مۇددەتلىك، ئوتتۇرا مۇددەتلىك، قىسقا مۇددەتلىك دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىكى ئون يىلدىن يۇقىرى بولىدۇ، ئوتتۇرا مۇددەتلىكى بەش يىلدىن يۇقىرى بولىدۇ، قىسقا مۇددەتلىكى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولىدۇ. قايسى خىلدىكى توختام تۈزۈشنى كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزئارا كېڭىشىپ ئىختىيارلىق بىلەن تۈزىدۇ، ھەممە بىر تاياقتا ھەيدەلمەيدۇ، جانلىق ئىگىلىنىدۇ.

# ئەمگەك تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب

— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش مەڭلىك كېۋىرنى زىيارەت

نىيازوپ



نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمى كۈزۈنەرلىك تېزلەشمەكتە. بىر مۇنچە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرى كەينى - كەينىدىن تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. بەزى كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك - كادىرلار تۈزۈمى، ئىش ھەققى تەقسىماتى تۈزۈمى، ئىجتىمائىي سوغۇرتا تۈزۈمىدىن ئىبارەت «ئۈچ تۈزۈم» ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدا يەنە بىر كونكرېت قەدەم تاشلانغانلىقىنىڭ دەلىلى. بۇ تۈزۈم گەرچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەزى كارخانىلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك يېڭى تۈزۈم بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا، ئۇلار ئىسلاھاتنى قىزغىن قوللىماقتا، ئەمما ئىسلاھات داۋامىدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. يېقىندا بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت يېزىپ، بۇ ھەقتىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ مەسىلىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش مەڭلىك كېۋىرنى زىيارەت قىلدىم. نازىر مەڭلىك كېۋىر ئاكىز، ئازادە ئىشخانىسىدا ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئورتاق مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى. زىيارەت خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

**سوئال:** نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بەزى پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر «توختام» دېگەن سۆزنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، 20 — 30 يىل ئىشلەپ، ئەمدىلىكتە «توختاملىق» ئىشچى بولۇپ قالامدۇق، دەپ ئەندىشە قىلماقتا. شۇڭا، سىز ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز.

**جاۋاب:** مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىي خادىملارغا قارىتا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەمگەك توختام تۈزۈمى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانا بىلەن باراۋەرلىك، ئىختىيارلىق ۋە ئۆزئارا كېڭىشىش ئاساسىدا ئەمگەك توختىمى ئىمزالاپ، مۇئەييەن ئەمگەك مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى قانۇنىي شەكىل بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچى،

١

كارخانىچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ھەقىقىي تۈردە مەسئۇل بولۇش، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى كارخانىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، بارلىق خادىملارنى رىقابەت مېخانىزمى ئارقىلىق ئىش ئورنىغا قويۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلىپ، كىمنىڭ قابىلىيىتى قايسى ئىش ئورنىغا باپ كەلسە، شۇ ئىش ئورنىدا ئىشلەش، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنى ۋە ئىش تۈرى تاللاش، كارخانىلارنى ئىشچى تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بەشىنچى، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرلۇك سالاھىيىتىنىڭ چەك - چېگرىسى بۇزۇلۇپ تاشلىنىدۇ، يەنى كادىر بىلەن ئىشچىنىڭ، مۇقىم ئىشچى بىلەن توختاملىق ئىشچىنىڭ پەرقى يوقىتىلىپ، «دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىسى» «كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى»گە ئۆزگەرتىلىدۇ.

دەرۋەقە، «توختام» دېگەن سۆزنى كىشىلەر دەماللىققا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، ئەنئەنىۋى ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى بويىچە، بىر ئىشچى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئورۇنلىشىپ كەتسىلا، تۆمۈرلۈك ئىشى ھەل بولغاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى. «ۋاقىتلىق ئىشچى»، «توختاملىق ئىشچى»، «كوللېكتىپ كارخانا ئىشچىسى» دېگەن سۆزلەر قۇلاققا ياقمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خىل كونا تۈزۈم ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ. جامائەتچىلىككە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا ھەقلىقمەنكى، «توختاملاشتۇرۇپ باشقۇرۇش» دېگەن ھەرگىزمۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى خالىسا ئىشلىتىش، خالىمىسا كارخانىدىن چىقىرىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، توختام ۋاقتى توشقاندا، خالىغانچە توختىتىپ قويۇلىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ئىلگىرى كارخانىلار

پايدا ئاپسىمۇ، زىيان تارتسىمۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوخشاشلا دۆلەتنىڭ «چوڭ قازىنى» دىن تاماق يەۋېرەتتى، ياخشى ئىشلىگەن بىلەن يامان ئىشلىگەننىڭ، كۆپ ئىشلىگەن بىلەن ئاز ئىشلىگەننىڭ ئانچە پەرقى بولمايتتى. ئومۇمىي خادىملارغا قارىتا ئەمگەك توختىمى تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، يۇقىرىقى ئىللەتلەر تامامەن تۈگىتىلىدۇ. كارخانا قانچە پايدا ئالسا، شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. كارخانا زىيان تارتسا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ زىيان تارتىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ئېشىپ، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئەستايىدىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بولىدۇ.

## سوئال: ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختىمى تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا تەسىر يېتەمدۇ؟

## جاۋاب: تەسىر يەتمەيدۇ، بەلكى

ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، چۈنكى، بۇ تۈزۈمدە ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئورنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئەمگەك توختام تۈزۈمىدە ئىشچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، مەنپەئىتى ئېنىق بېكىتىلگەچكە، ئۇلار توختام بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى بولسا قانۇنىي جەھەتتىن قوغدىلىدۇ. ئىشچىلار ئىش ئورنىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ھەم چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، ھەم كەمسىتىلمەيدىغان بولىدۇ، مۇۋاپىق يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، نىسبىي مۇقىملىشىدۇ. ئىشچىلار بىلەن ئۇلارغا ۋاكالىتەن خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان گەۋدە ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك توختىمى ئىمزالانسا، ئەمگەكچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. كارخانا رەھبەرلىرى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى كۈچىيىدۇ. بەزى كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ۋە ئاز سانلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلىرىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. ئەمگەك ئالاش - تارتىش ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئېلىمىزنىڭ ئەمگەك باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش ئىزىغا سالغىلى بولىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

**سوئال:** ئىلگىرى كارخانىلاردا ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش مەسىلىسى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى. ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختامى تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئېشىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنداقتا، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ؟

**جاۋاب:** كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، ئاساسىي تۈل خىزمىتى بولغان ئەمگەك نورمىسى ۋە خادىملار شتاتىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق بېكىتىش، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەمگەكچىلەرنى سەرخىللاشتۇرۇپ تەشكىللەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەشكە، ئومۇمىي خادىملارنى رىقابەت ئارقىلىق ئىش ئورنىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، كارخانىلاردا مۇقەررەر ھالدا بىر قىسىم ئارتۇقچە خادىملار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، كارخانىلارنىڭ تازا بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ئوشۇقچە خادىملارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئومۇمىي پرىنسىپ شۇكى، كارخانىلار ئىچكى جەھەتتە ھەزىم قىلىشنى ئاساس، جەمئىيەت ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ يەنى ئالدى بىلەن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئېچىپ، ئاندىن سەرخىللاشتۇرۇپ تەڭشەش كېرەك. كونكرېت قىلغاندا، بىرىنچىدىن، ئارتۇقچە خادىملارنىڭ بىر قىسمىنى ھازىر كارخانىلار ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتلىق ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، 3 - كەسىپنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پېنسىيە يېشىغا يېقىنلاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى زاۋۇت ئىچىدە دەم ئالدۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، كوللېكتىپ ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بەشىنچىدىن، مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىرىش چارىسى قوللىنىلىدۇ. ئالتىنچىدىن، زاۋۇت ئىچىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇش، تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرۇپ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش شەكىللىرى قوللىنىلىدۇ. قىسقىسى، سەۋەبسىز ھالدا ئەمگەك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ ياكى كارخانىدىن خالىغانچە بوشىتىۋېتىلمەيدۇ، چىقىش يولى بېرىلىدۇ.

**سوئال:** ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتەمدۇ - قانداق؟

**جاۋاب:** ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلسا، ھەممە كىشى ئوخشاشلا رىقابەت مېخانىزمىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئومۇمىي گەۋدىدىن ئالغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى، كەسپىي ئىقتىدارىدا مەلۇم پەرق بار، بۇنى تارىخىي، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئالاقىدار تارماق ۋە كارخانىلار نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك، دەرسلىك كەمچىل بولۇش قاتارلىق خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەربىيىلەش خىزمىتى دېگەندەك يېتىشىپ كېتەلمىدى. دەرۋەقە، بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالماسلىقى

تۇرغان گەپ، بۇ بىر ئوبيېكتىپ مەسىلە. قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، كارخانىلار ۋە كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى ئۇراقلاشتۇرۇش، زورايتىش جەھەتتە ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، رىقابەتكە قاتناشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئىمكان بار ئۇلارنى ئۆزئارا رىقابەتكە سېلىپ، كەسىپ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قېتىرقىنىپ بېرىلىشى، كىرىزىس تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، ئۆگىنىشنى، ئىرىشىمنى، مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئۆستۈرمىسە ۋەزىيەتنىڭ كەينىدە قالىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتىشى لازىم. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە، ئىشىنىمەنكى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تېخىمۇ ئۇراقلاشتۇرغىلى، زورايتقىلى، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**سوئال:** ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرى» دە «پىلان بويىچە كارخانىلارغا تەقسىم قىلىنغان ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي، ھەربىي سەپتىن بوشىغان خادىملار، تېخنىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمگەك توختام تۈزۈمى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن، بۇ قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ؟

**جاۋاب:** ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختىمى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانىدىن ئالساق، بۇ تۈزۈم 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سىناق قىلىنىدۇ، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىلدىن باشلاپ سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق 23 كارخانا سىناق نۇقتىسى قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىناق نۇقتىسىنى بېكىتتى. بۇ تۈزۈم سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان كارخانىلارغا بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنغان يۇقىرىدىكى خادىملار شۇ كارخانىدىكى بارلىق خادىملارغا ئوخشاش ئەمگەك توختىمى ئىمزالايدۇ، بۇ تۈزۈم تېخى يولغا قويۇلمىغان كارخانىلارغا تەقسىم قىلىنغانلار بولسا ۋاقىتىنچە بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

**سوئال:** ھازىر كۆپ قىسىم كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختىمى يولغا قويۇلماي، خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمگەك توختىمى ئىمزالىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى نېمە دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ؟ رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟

**جاۋاب:** بۇ مەسىلە بىزنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئومۇمىي خادىملارغا ئەمگەك توختام تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر»ىمىزدە ئېنىق بەلگىلەنگەن، يەنى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان

(ئاخىرى 6 - بەتتە)

# پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە

بى يۇچاڭ

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىقىندا مۇنداق دېدى: «پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە.» بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشىمىزدە چوڭقۇر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تارىخىي ئەسلىمە

پىلان بىلەن بازاردىن ئىبارەت بۇ ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادنىڭ توپ مەسىلىسى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ بىلىشى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ. ماركس مۇنداق قىياس قىلغان ئىدى: سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئالدى بىلەن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەردە غەلىبە قىلىدۇ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى پۈتۈنلەي جەمئىيەت ئىگىدارلىقىغا ئۆتىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمگىكى بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ئەمگەك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەت بارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىم قىلىشنى بىۋاسىتە پىلانلىق تەشكىللەيدۇ، بازاردىن ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇڭا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، بازار ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش ۋە قىممەت قانۇنىيىتى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەلۋەتتە يەنە مەۋجۇت بولۇۋەرمەيدۇ ھەمدە رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. كېيىن ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئىنقىلاب ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قالاق بولغان روسىيىدە غەلىبە قىلدى. لېنىن روسىيىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تاۋار، پۇل - مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىۋېتىشنىڭ قەتئىي ئاقمايدىغانلىقىنى دەرھال بايقاپ، دەسلەپكى يېڭى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە ساناائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئايلىنىشىنى بازار مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، «مۇكەممەل، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەققىي پىلان — بيۇروكراتلىق خام خىيالغا تەڭ» دېيىلگەن مەشھۇر ھۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، لېنىننىڭ بالدۇر ۋاپات بولۇپ كېتىشى ئۇنى پىلان بىلەن بازار مەسىلىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. ستالىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندىلا، تاۋار بىلەن بازارنىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بۇنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە چەكلىگەن ئىدى، مەسىلەن، بىرىنچى، ئىككى خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەنلا چەكلەنگەن؛ ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار بىلەن بازاردىن چەتكە قېقىلغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ ستالىننىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشى كېرەك، قىممەت قانۇنىيىتى «بىر بۈيۈك مەكتەپ» دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، بۇ توغرا يولدىن چەتلەپ، تاۋار، پۇل مۇناسىۋىتىنى قانداقتۇ «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقى»، «كونا جەمئىيەتتىن پەرقلەنمەيدۇ» دەپ قاراپ ئۇنى چەكلىدى.

## نەزەرىيە جەھەتتىكى زور بۆسۈپ ئۆتۈش

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلار ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلىنىپ، پىلان بىلەن بازارغا بولغان تونۇش يېپيېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بازار

ئىگىلىكى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى ئەسلىدە مەنداش سۆزلەر، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىز تاۋار ئىگىلىكى دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشكە باشلىدۇق.

دەرۋەقە، تاۋارنىڭ ئۆزى بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، بازاردا ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلات، شۇنداق ئىكەن تاۋار ئىگىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، تاۋار ئىگىلىكى ئېتىراپ قىلىنغان ئىكەن، ئۇ ھالدا بازار ئىگىلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش شەرت، ئەلۋەتتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل تۈردە بازار ئىگىلىكى دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ كەلدى.

1979 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكادا چىقىدىغان «برىتانىيە قامۇسى»نىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى گىبۇس بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا مۇنداق دېگەن: بازار ئىگىلىكىنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە خاس كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىلا دېيىش، شۈبھىسىزكى، توغرا ئەمەس. سوتسىيالىزم بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بازار ئىگىلىكى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىلا بىخ ئۇرغان. سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۇسۇل جەھەتتىن كاپىتالىزم جەمئىيىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن، ئوخشىمايدىغان جايلىرىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەلۋەتتە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بار، چەت ئەل كاپىتالىزمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، لېكىن تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا سوتسىيالىزمنىڭ، يەنىلا سوتسىيالىستىك دۆلەت. 1985 - يىلى ئامېرىكا كارخانىچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گېلىنۋالدىنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: «مەسىلە — قانداق ئۇسۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشىدا»، «ئىلگىرى بىز پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئىدۇق، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئۇسۇل، لېكىن، كۆپ يىللىق تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت مۇشۇ چارىلا قوللىنىلسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى چۈشەپ قويۇلىدۇ، پىلانلىق ئىگىلىك بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلغىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.» بۇ — ماركسىزمچىلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمىنى توغرا قوللىنىش ئارقىلىق پىلان بىلەن بازار مەسىلىسىنى كۆزىتىپ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ، پارتىيىمىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى يېڭى قارىشىنى ئىزاھلىشى. شۇڭا، بىز ئىسلاھات يېڭى قەدەم تاشلىغاندىلا، پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق؛ ئىسلاھات يېزىلاردىن پەيدىنپەي شەھەرلەرگە قانات يايغاندا، پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا يەنە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ — ئىدىيىدە زور دەرىجىدە ئازاد بولغانلىق، ماركسىزمچە ئىقتىسادىي تەلىماتنىڭ ۋە سوتسىيالىزم تەلىماتىنىڭ بىر تەرەققىياتى. بۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى، بازار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى بۇزۇۋەتتى. بۇ يېڭى يىغىنچاقلىنىش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىكرىدىن باشلانغان ھەمدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇشۇ بەلگىلىمىنى ماقۇللاش يىغىنىدا بۇ بەلگىلىمە ماركسىزمچە يېڭى سىياسىي ئىقتىساد دېگەن. ئۇ يەنە مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ قېتىمقى ھۆججەت ياخشى بولغان، يەنى نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى

چۈشەندۈرۈلگەن، بەزىلىرى بىزلەرمۇ دېمىگەن گەپلەر، بەزىلىرى يېڭى گەپلەر، مېنىڭچە مەسىلە ئېنىق قويۇلغان. ئىلگىرى بىز بۇنداق ھۆججەتلەرنى يېزىپ چىقالمايتتۇق، ئۈنكەن بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت بولمىسا، بىزنىڭ بۇنداق ھۆججەتلەرنى يېزىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يېزىپ چىققان تەقدىردىمۇ، ماقۇللاش تەسكە توختايتتى. بىز يېڭى ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن جاۋاب بەردۇق. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دەيمىزغۇ؟ بۇ سوتسىيالىزمدا ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق، ئۇنداق بولمىغاندا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئوت - چۆپى كېرەككى، كاپىتالىزمنىڭ مايسىسى كېرەك ئەمەس دېگىنىدەك بولۇپ قالاتتى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك، بىز پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىمىز بار.» سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەر بازار ئىگىلىكىنى يەنىلا كاپىتالىزمنىڭ نەرسىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە. بەزىلەر ماقالە يازغاندا، چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق لۇغىتىنى ئاساس قىلىپ لۇغەتتە بازار ئىگىلىكىگە بېرىلگەن تەبىر خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىش دېگەن بىر ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا خاس نەرسە دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا تەبىرنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، ماركسىزملىق لۇغەتتە بېرىلگەن تەبىر بولسىمۇ، ئۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماركسىزملىق لۇغەتتە بېرىلگەن تەبىر بولماستىن، چەت ئەللىكنىڭ تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئاساس قىلغىلى بولسۇن؟ ئوخشاش بولمىغان چەت ئەل لۇغەتلىرىدىمۇ، ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. 1989 - يىلى «4 - ئىيۇن» ۋەقەسى يېڭىلا تىنچىتىلغان پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پايتەختتىكى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگەن قىسىملارنىڭ جۇڭدۈي يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ ئۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «بىز پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.» پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىدا «پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ئايلانما تۈزۈلمىسىنى تەسىس قىلىش» ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي نىشان قىلىنغان. 7 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «پىلان ۋە بازار ئىقتىسادىي تەڭشەش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇڭا بۇ ۋاسىتىلەرنى مەلۇم دائىرىدە قوللىنىش سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە بولمايدۇ.» دەپ كۆرسەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ماركسىزملىق مۇلاھىزىسى كۆپ قېتىم ئېلان قىلىندى. يېقىندا ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلانغانلىقىنى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلىگەنلىكىنى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## پىلانمۇ بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە

بازار ئىگىلىكى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى مەنداش سۆزلەر. ئۇنداقتا، سوتسىيالىزمدا بازار بولۇشى لازىم. بۇ بىرەر كىشىنىڭ ئارزۇسى بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ

مۇقەررەر تەلىپى. بازار پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىگە نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ رولنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى: ئۇ مەسئۇلىيەت، هوقۇق، مەنپەئەت ۋە خىزمەت - خەتەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، كارخانا شەخسلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجاد قىلىش روھىنى قوزغايدۇ؛ باھانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئېھتىياج - تەلەپ سىگنالى ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، مەبلەغ، ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا پايدا يەتكۈزىدۇ. بازار مېخانىزمى ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئۈنۈمىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى ۋە ئايلىنىشىنىڭ ماسلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەچكە، بىز ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مېخانىزم، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچنى جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالدۇرىدىغان مۇھىم مېخانىزم دەيمىز. بازار مېخانىزمىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا ئۇنى كاپىتالىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بازارنى چەتكە قاقىدىغان قاراش نەزەرىيىۋى جەھەتتە خاتا بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاقمايدۇ. بازار مېخانىزمىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش پىلاننىڭ رولىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك — سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىگىلىكىنى پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇپ، تەبىئىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەمدە ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىم تەقسىماتى ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش جەريانىدىكى باراۋەرلىك - ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىگە پىلان ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەڭشەش، شۇ ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىدىكى مەلۇم قارىغۇلۇق ھالەتنى تۈسۈش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدە، مەيلى پىلان ياكى بازار بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىلا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان بازار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان بازار بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشىنى قوبۇل قىلىدىغان بازاردۇر؛ بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان پىلان — قىممەت قانۇنى ۋە تەڭشەش بىلەن تەلەپ قانۇنىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان پىلان. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ساۋاقلار نەزەردە تۇتۇلغاندا، بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان پىلان تۈزۈلمىسىنىڭ نۇقسانلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇ، ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، بازار ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، پىلان خىزمىتىنى توۋار ئالماشتۇرۇش ۋە قىممەت قانۇنى ئاساسىغا قۇرۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ۋاستىلىق باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ۋە قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق كارخانا ۋە بازارنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان دائىرىسىنى تەدرىجىي تارايتىش كېرەك.

90 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ نىشانى — پىلان بىلەن بازار ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئايلانما تۈزۈلمە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، ھازىرقى مەسىلە، بازارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن، بازار مېخانىزمىمۇ مۇكەممەل ئەمەس، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۇزۇن قاتمۇ قات زىددىيەتلەرنى

بازارنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھازىر سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، غەربىي قىسىمغا يۈزلىنىش» ۋە «سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش»، «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. سىرتقا ئېچىۋېتىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلگەن ۋەزىيەتتە، بىز تىرىشىپ ھازىرقى زامان تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىدىغانلا بولساق، خەلقئارا بازاردىكى كەسكىن رىقابەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايمىز، شۇڭا، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، نۆۋەتتە، بىز بازارغا يۈزلىنىش، بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىسلاھات تەدبىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئەمەلىيەتتە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار - ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىلقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بازار مېخانىزمىنىڭ ئاساسىي كارخانىلار، ھالبۇكى، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى كارخانىنى ھەقىقىي تۈردە بازارغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان بازارغا يۈزلىنىش دېگىنىمىز تەبىئىي بايلىقنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى مۇۋاپىق يۈرۈشتۈرۈش ئاساسىدىكى بازار قارىشىدۇر. بۇ بازار — ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇ ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئەمگەك مۇلازىمىتى تېخنىكا، مەبلەغ، ئۇچۇر، يەر بايلىقى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك يىرىك بازار كۆز قارىشىنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇش نۆۋەتتە شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

قىسقىسى، پىلان ۋە بازار مەسىلىسىدە ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىپ، كۆز قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، تەجرىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، پىلان بىلەن بازارنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ. (07)

(بېشى 33 - بەتتە)

كىشى بىر ئاز قۇرۇققىنىدىن گېلەمنى ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

بۇ يىل 3 - ئايدا، چىرا ناھىيىسىدىن خېلى پۇلدار ۋە يۈز - ئابرويلۇق مەلۇم بىر گىلەم سودىگىرى ئۈجمە كۆچىتىنىڭ بازىرى چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ كۆپ پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت شىرىن خىيالنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش سايىپخان ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ كېلىپ ئابالى ئارقىلىق ئېرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. ئۇ كىشى ھەر قېتىم كەلگەندە ئىنتايىن ھىيلىگەرلىك بىلەن «چىرايلىق خانىم، قاراقاش ناھىيىسىدىن سەككىز مو يەرنىڭ ئۈجمە كۆچىتىنى سېتىۋالغان ئىدىم، سىلىنىڭ ئەرلىرى چاقار يېزىسىنىڭ شۇجىسى بولغاچقا ئۇنچىلىك ئىش قولىدىن كېلىدۇ، ئەرلىرىگە دەپ ئۈجمەمنى ساتتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، مەندەك يات ئادەمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، سىلىدەك مېھرىبان ئايالنىڭ گېپىنى بەكرەك ئاڭلايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ئەپلىشىپ قالسا، ئۆزلىرىگە ئاتاپ 1000 يۈەن قىممىتىدە بىر دانە ئالتۇن ئايخاڭزا تەييارلاپ قويدۇم، ئۇنى ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلىمەن» دەيدۇ. سايىپخان ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭمۇ يېتەرلىك ئالتۇن بېزەكلىرى بارلىقىنى، ئېرى ۋە ئۆزى پارتىيىلىك دۆلەت كادىرى ئىكەنلىكىنى، پارا قوبۇل قىلىش پارتىيە ئىستىلى ۋە كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ ئادەمنى قايتۇرۇۋېتىدۇ ھەم بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا پارتىيە ياچېيكىسى ۋە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا مەلۇم قىلىدۇ. (06)

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرەيلى

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى شې جىنجاڭ

خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە نىسبەتەنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشقا بولغان بۇرچ تۇيغۇمىز ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيە خىزمىتىدىكى ئوڭۇشلۇق پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى — پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ جېنى ۋە ئاساسى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدا، نەزەرىيە قۇرۇلۇشى يەنىلا مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىقنىڭ مەنبەسى تەشكىلىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىقتا، تەشكىلىي جەھەتتىكى مالىمانچىلىقنىڭ مەنبەسى ئىدىيە جەھەتتىكى مالىمانچىلىقتا، ھالبۇكى، ئىدىيە جەھەتتىكى مالىمانچىلىق بولسا نەزەرىيە جەھەتتىكى مالىمانچىلىقتىن كېلىدۇ، مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، توغرا يېتەكچى ئىدىيىنى مۇستەھكەم ئورنىتىشنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ قىلىپ تەكىتلىدى.

ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىشتە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىر تەرەپتىن ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىزلەشتۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى چۈشىنىۋېلىش كېرەك. ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە تەربىيىلەنمىگەن، ئاساس بىلىملىرى كەمچىل بولغان بىر قىسىم يولداشلارغا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەرنى، دېڭ شياۋپىڭ ۋە باشقا پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆگىنىش جەريانىدا، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەن ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيىنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، خىزمەت ئەمەلىيىتى، ئىدىيىۋى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگەنگەندە، يەنە ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. كوممۇنىستلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرگەن، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىمۇ ئۆزگەرتكەندىلا، تارىخ يۈكلىگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شۇڭا، بىز دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ھەر خىل غەيرىي پرولېتارىياتلىق ئىدىيىلەرنى تۈزىتىپ، پرولېتارىياتلىق دۇنيا قاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، سوتسىيالىزملىق ئېتىقاد ۋە كوممۇنىزملىق غايىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

## پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى توغرا يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، بىرلا كىشىنىڭ گېپى گەپ بولۇشتەك ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، پارتىيىنى سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاپ، ھەرىكەتتە، قەدەمدە بىردەك بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئىچىدەكى دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن ھەر خىل دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ئىگە، شۇڭا، پارتىيىنىڭ يىغىنلىرى ۋە باشقا مۇۋاپىق سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ پىكىرىنى تولۇق بايان قىلالايدۇ. بىراق بىر پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنى تەشكىلدىن ئۈستۈن قويماي، ئۆزىنى تەشكىل ئىچىگە قويۇپ، ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا پارتىيىنىڭ قارارلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك.

دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتىش — پارتىيىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى — پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاچقۇچى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچىدە دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇپ، دېموكراتىيىنى قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغاندا ئۇنى قەتئىي قوللىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغاندا قەتئىي مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالى ئارقىلىق، ئىدىيىۋى كۈرەشنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

## پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك

كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئىزچىل تۈردە خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاش — سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىدىكى بىر زور مەسىلە. ھازىر، بىزنىڭ بەزى پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك مەقسەتنى ئۇنتۇپ، بيۇروكراتلىق، شەخسىيەتچىلىك، پۇلغا چوقۇنۇشتەك چىرىك ئىستىللار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بەزى كادىرلار يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، ئاممىنىڭ ھالىغا يەتمىدى، ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىمىدى؛ بەزىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئامما ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلاپ، جىسمانىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى دەپ چۈشىنىپ، پارتىيە بىلەن كارى بولماي، ئادەمگىلا قارىدى، تەشكىل بىلەن كارى بولماي، شەخسكىلا قارىدى، ئىش قىلىشنى ئويلىماي، ئەمەلدار بولۇش كويىدا بولدى، ئاممىنىڭ پىكىرى بولۇپ قېلىشتىن قورقماي، رەھبەرلىكنىڭ نارازى بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى؛ بەزىلەر نەپسىنى غايىدىن ئۈستۈن كۆردى، خىزمەتتە شەرت قويدى، شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىپ، شەخسىيەتچىلىك قىلدى، كىچىك گۇرۇھۋازلىق يامراپ كەتتى، ئۆز ئورنى، ئۆز تارمىقى، ھەتتا شەخسنىڭ پايدىسىنى دەپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بىز پەقەت مۇشۇنداق ناچار ئىستىل ۋە پاسسىپ، چىرىك ئەھۋاللارغا قەتئىي خاتىمە بەرسەكلا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى،' كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېڭىدىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيىمىزنى مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز. (06)

# ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى خۇشاللىققا چۆمدى



— تېرىم يېزا ئاياغ تېرىم كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم زۇنۇن

پەيزاۋات ناھىيە تېرىم يېزا ئاياغ تېرىم كەنتى 1985 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان. كەنت پارتىيە ياچېيكىسمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىل جەريانىدا ئەمەلدىكى رەھبەرلىك بەنزىسى ئاممىنى يېتەكلەپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشتا مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆۋەندىكى بىر قاتار مەسىلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىزچىل ھەل قىلىنمىغانلىقتىن، قېرىنداش كەنتلەرنىڭ سېلىشتۇرغاندا پەرقى يەنىلا چوڭ، ئىلگىرىلەش قەدىمى ئاستا بولغان.

1. بەنزىدىكىلەرنىڭ جاپالىق ئىشلەش روھي كەمچىل، ئىدىيىسى چېچىلاڭغۇ بولۇپ، چوڭ - چوڭ مەسىلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلالمىغان، كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمىغان، پەقەت يېزىدا ئېچىلغان يىغىنلارنىڭ روھىنى مەھەللە گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇپلا ئىشنى تۈگەتكەن، خىزمەتنى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش، سۈرۈشتە قىلىش، يولۇققان ئەمەلىي مەسىلەرنى ھەل قىلىش ناھايىتى ئاز بولغان.

2. پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلغان تەلەپ قاتتىق بولمىغانلىقى، باشقۇرۇش يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيەدە ئارقىغا چېكىنىپ، 70 پىرسەنت پارتىيە ئەزاسى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، دىنغا ئېتىقاد قىلغان، ھەتتا بەزىلىرى دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن.

3. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش خىزمىتى ئەستايىدىل ئىشلەنمىگەن، ئۇلار ئۆزئارا ئاپاق - چاپاق بولۇشۇۋېلىپ، سەنمۇ ياخشى - مەنمۇ ياخشى، ئىشقىلىپ ھەممىمىز ياخشى، دەپ قاراپ بىر - بىرىنى «لاياقەتلىك» قىلىپ باھالاۋەرگەن، بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك قارىشى ئاجىز بولۇپ توغرا كەيپىياتنى ئەقدىرلەپ، ناچار خاھىشلارغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان، «ياخشىچاق» بولۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان، بۇ كەنتتىكى بىر قىسىم ياشلاردا قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئۇرۇش - تالاش ھەدەپ ئەۋج ئالغان.

4. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ كونكرېت خىزمەت تۈزۈملىرى بېكىتىلمەي، زورلۇر تېپىلغاندا، بىر نەچچە «ماددا»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلارنى باشقۇرۇش كويىدا بولغان. «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى «ئېغىزدا بار، ئەمەلدە يوق» بولۇپ قالغان. پارتىيە دەرسى سىستېمىلىق، قاراتمىلىقى بولمىغان ھالدا ئۆتۈلمىگەن، پارتىيە ئەزالىرى ۋاقتىدا تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزەلمىگەن، پارتىيە ئەزالىق بەدىلى يېرىم يىلدا، بەزىدە يىل ئاخىرىدا براقلا يىغىۋېلىنغان، بەزى پارتىيە ئەزالىرى بىر نەچچە يىلغىچە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرمىغان، ھەتتا تەشكىلىي تۇرمۇشقىمۇ قاتناشمىغان.

5. يېزىنىڭ كەنتتىكى دېھقانلاردىن يىغىۋېلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن تۈرلۈك راسخوت ۋەزىپىسى ۋاقتىدا ئورۇندالمىغان. سەۋەبى: كەنت كادىرلىرى دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنغان پۇللارنى يېزىغا تاپشۇرماستىن، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ قانغۇچە يەپ - ئىچىپ، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ، پۇلنى ئۆزلىرى خەجلەپ تۈگەتكەن، دېھقانلارغا جىددىي پۇل كېرەك بولغاندا مالىيەدىن نەق پۇل چىقمىغان، شۇڭا دېھقانلار: بىز تاپشۇرغان پۇل كادىرلار تەرىپىدىن خەجلەپ تۈگىتىۋېتىلىدىكەن، بىزگە پۇل كېرەك بولغاندا ھېچ كىشى بىزنىڭ ھالىمىزغا يەتمەيدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىمىز ساقلىغىنىمىز تۈزۈك ئىكەن، دېيىشكەن. كەنت مالىيەسىنى قەرەللىك ھالدا ئېلان قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئامما كادىرلارغا ئىشەنمەيدىغان، كادىرلار ئاممىنىڭ دەردى - ھالىغا يەتمەيدىغان، ئاممىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئايرىلىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان.

6. كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقى ياخشى بولمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كەنت شۇجىسى بىلەن كەنت مۇدىرى ئۈچ قېتىمدىن ئالماشقان، كەنتتىكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ كادىرلىرىمۇ بىر نەچچە قېتىمدىن ئالماشتۇرۇلغان. لېكىن ھەر قېتىملىق يېڭى بەنزىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى يەنىلا بۇرۇنقىدىن ئۆزگەرمىگەن.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بۇ ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە كاشىلا بولۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپ، كەنتنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دېگەنندەك ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەنلىكتىن، ياچېيكا بەنزىسى ۋە باشقا بەنزىلەرنىمۇ بىر قېتىم ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، تەڭشەش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

1990 - يىل قىش ۋە 1991 - يىل ئەتىيازدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى باشچىلىقىدىكى «يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى سىناق نۇقتا خىزمەت گۇرۇپپىسى» بۇ كەنتتە تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، «سىناق نۇقتا خىزمىتى» ئىشلەپ بۇ ياچېيكىنى تەرتىپكە سالغان ۋە تولۇقلىغان. كەنت مەمۇرىيىتى، ئىتتىپاق، مىنبىنىڭ ۋە ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، سايلام ئارقىلىق يېڭى بەنزە قۇرۇپ چىققان ئىدى.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، بىر يىل ئىچىدە كەنتنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تەشكىلاتچىلىق ۋە رەھبەرلىك رولىنى ئويناپ، كەنت قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى قانات يايدۇرغان.

1. مۇناسىپ ھالدا كونكرېت تۈزۈم بېكىتىلگەن. يېڭى بەنزە قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمى؛ يىغىن ۋە خىزمەتلەرنى خاتىرىلەش تۈزۈمى؛ پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆچتىن ئونىغىچە بولغان ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش تۈزۈمى، ياچېيكىنىڭ قەرەللىك ھالدا پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىشلىش، تەنقىدىي - پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى؛

ياچىبېكنىڭ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى؛ پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈش تۈزۈمى؛ پارتىيە بەدەل پۇلىنى يىغىش، تاپشۇرۇش تۈزۈمى؛ قوش باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تۈزۈمى؛ بەش دەپتەر تۇتۇش، بەشنى ياچېيكا ئىشخانا ئىچىگە يۇرۇشتۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق «12 ماددىلىق خىزمەت تۈزۈمى»نى ئورنىتىپ، بۇ تۈزۈملەرنى چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، ياچېيكا ئىشخانىسىغا چاپلاپ، ھەر قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا ھەممە كىشى ئاشۇ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتىدە بىر خىل جانلىنىش مەيدانغا كېلىپ، قانداق قىلغاندا ئۈزلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى دائىم ئويلايدىغان بولغان.

2. «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى ئەمەلىيلەشكەن. ھەپتىدە بىر قېتىم ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى؛ ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنى؛ ئايدا بىر قېتىم ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىش ئىزچىللاشقان. بۇلتۇر ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى 20 قېتىم ئېچىلىپ، بۇ يىغىنلاردا ئاساسلىقى ياچېيكا ھەيئەتلىرىنىڭ تەقسىملەنگەن خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى، كەنتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتى ۋە چوڭ - چوڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى تۈزۈلگەن. ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى 12 قېتىم ئېچىلىپ، بۇ يىغىنلاردا كەنتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تەھلىل قىلىنغاندىن باشقا، نامرات ئائىلىلەرنى يۆلەش، «ئالاقىلىشىش ئائىلىسى» بويىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر توغرىسىدا دوكلات قىلىنىپ تۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىيەت تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئائىت ھۆججەتلەر، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىنغان.

بۇلتۇر بۇ ياچېيكا مەخسۇس تېمىدا ئالتە قېتىم پارتىيە دەرسى ئۆتكەن. ماتېرىيال ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان تىپىك مىساللار بولغانلىقتىن، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاكتىپ ياشلار خېلى ياخشى ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. ئۆتكەن يىل ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن تۆت پارچە تېلېۋىزىيە فىلىمىنى بۇ كەنتكە ئېلىپ كېلىپ، پارتىيە ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا كۆرسەتكەن ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللىگەن. نەتىجىدە ئۇلار ھەر جەھەتتىن زور ئىلھام ئېلىپ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان.

3. پارتىيە ياچېيكىسى كادىرلار ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي خىزمەت ۋەزىپىسى قىلغان. ئىلگىرىكى «300 ئەمگەك كۈچى 40 كۈن سەرپ قىلىپمۇ 30 مو يەرنى گۈيخۇالاپ بولالمىغان»غا ئوخشاش تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، يىل بېشىدىلا يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەن، پىلاننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە مۇكاپات، جازادىن ئىبارەت تەدبىرلەرنى ئاشكارا ئېلان قىلغان، كادىرلار كوللېكتىپ ئەمگەكلەردە ھەر دائىم باشلامچى بولۇپ، كېيىن قايتىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولغان. نەتىجىدە، 1991 - يىل ئىچىدە 200 مو يەرنى سالا ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇش، 200 مو يەرگە ئورمان بىنا قىلىش، 50 بىنام يەر ئېچىش ۋەزىپىلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ، يېزىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ياچېيكا يەنە كەنتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپلەر بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 120 ئائىلىنى ياخشى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

4. پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ياخشى ئىش-پائالىيەتلەر داۋاملىق كۆپەيگەن، پارتىيە ئەزالىرى نامرات ئائىلەر

ۋە تىرمىشچانلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ خەم ـ ئەندىشىسىنى ئۆگىنىشىنى ئۈزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىپ، ئۇلارغا خالىسانە ياردەم قولىنى سۇنغان. ئۆتكەن يىل ئۇلار نامرات ئائىلىلەرگە جەمئىي 3820 جىڭ ئاشلىق، 268 يۈەن نەق پۇل ياردەم بېرىپ، نامراتلار قەلبىگە پارتىيىنىڭ ئىللىق مېھرىنى يەتكۈزگەن، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، پارتىيە ئەزاسى خەيرىنسا غۇلام ئىگە ـ چاقىسىز 80 ياشلىق نامرات دېھقان قادىر سەمەتكە ھەر ھەپتىدە ئىككى يۈەن خىراجەت پۇلى بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، سۇيىنى توشۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچلىك تاماقىنى ئەكىرىپ بېرىشتەك بۇ ياخشى ئىشنى ئىككى يىلدىن بېرى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

5. ياچېيكا كەنتتىكى باشقا تەشكىلاتلارنى ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئىلگىرى پارتىيە ياچېيكىسى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن توغرا يېتەكلىمىگەنلىكتىن، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىغان. يېڭى ياچېيكا بەنزىسى بۇ ئاجىز نوقتىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنت خىزمىتىنى ئورتاق ھالدا ئالغا سۈرۈش لازىملىقىنى تونۇغان، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى، مىنبەك، ئاياللار تەشكىلاتى، خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى، دىنىي سورۇنلارنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئۇلار يولۇققان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلغان، ياچېيكا ھەيئەتلىرى ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ھەمدە خىزمەتلەرنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىنى ياچېيكىغا دائىم دوكلات قىلىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئاياغ تېرىم كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ ئۇنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرغان. پارتىيە ئەزالىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ يېڭى تارىخى دەۋردە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى جەھەتتە ياخشى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. ئۇلار ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان «ئارقا ئىبقىم»دا تۇرۇۋېرىشتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، 1991 ـ يىلى يېزا ۋە ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» بولۇپ باھالانغان. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە يېزىلىق پارتكوم بۇلتۇر بۇ كەنتتە بەش قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. (06)

(رەسىنى ئابلىمىت ئابلىز سىزغان)

( بېشى 39 ـ بەتتە)
ناتايىن. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە بەك تەمەننا قويۇپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرمەيدۇ.

جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ سەھنىدە ھەممەيلەن «سىلىشتۇرۇش» داۋامىدا مەلۇم رول ئالىمىز. بىز «تەمەنناتنى ئەمەس، تۆھپىنى سېلىشتۇرىدىغان»، «ۋەزىپىنى ئەمەس، نەتىجىنى سېلىشتۇرىدىغان» روھنى تەشەببۇس قىلىپ، توغرا «سېلىشتۇرۇش» كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، نېمە ئۈچۈن سېلىشتۇرۇشنى، نېمىنى سېلىشتۇرۇشنى قانداق سېلىشتۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىي ھالەتنى، ھەممە تەرەپلىمىدىغان خىزمەت نەتىجىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. (6)

# ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت «ئۈچ تۆمۈر»نى چېقىپ تاشلاشقا يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك

ئۆز مۇخبىرىمىز چوۋەن بيەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يەن شاۋزۇن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

«تۆمۈر تاۋاق، تۆمۈر ئورۇندۇق، تۆمۈر مائاش»نى چېقىپ تاشلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كارخانا ئىسلاھاتى ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلماقتا. بۇ ئىسلاھات ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مۇقەررەر ھالدا بىر مۇنچە ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەپ بېرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تونۇشىنى ۋە سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش — كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي بىر ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش يەن شاۋزۇن ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى بىلەن بۇ ھەقتە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت داۋامىدا مۇنۇلارنى دېدى:

«ئۈچ تۆمۈر»نى چېقىپ تاشلاشنىڭ چېتىلىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ھەقىقەتەن كەڭ، شۇنداقلا ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ۋە ئىنكاسىنى قوزغايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى. كارخانا ئىسلاھاتىنى داۋامدا، كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنى ئىسلاھاتقا بېغىشلاشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، يالغۇزلا مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ۋە مەلۇم بىر تۈرلۈك كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

نۆۋەتتە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئىسلاھاتقا ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش زۆرۈر: (1) ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇتۇش كېرەك. بىز دائىم ئىسلاھات سوتسىيالىزمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ

ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئىسلاھات ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى دەيمىز. لېكىن، ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشلىرى ھەقىقەتەن ئايدىڭلاشتىمۇ، بىرلىككە كەلدىمۇ؟ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مانا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كۆپ ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ئۈچ تۆمۈر» نى چېقىپ تاشلاشنى ھىمايە قىلدى، قوللىدى، بىراق يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ياكى كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا ئۇرغۇن تەرەپلەردە ماسلىشالماسلىق، چۈشىنەلمەسلىكنى ئىپادىلەپ قويۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چوڭقۇر، ئىنچىكە تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىسلاھاتنىڭ مەقسەت، ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھاتقا قاتناشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. (2) ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى تۈگىتىش كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئىدىيىۋى توسالغۇ — تەڭ تەقسىماتچىلىقتىن ئىبارەت. كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ بىر قىسىم كىشىلەر كونا تۈزۈلمىنىڭ نۇقسانلىرىنى، ئالايلۇق، تەڭ تەقسىماتچىلىق قاتارلىقلارنى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى دەپ قارىماقتا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھات بۇ نۇقسانلارغا ھۇجۇم باشلىغان چاغدا، ئۇلار ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپ چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمىسا، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھاتقا قاتناشتۇرۇش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.

تەڭ تەقسىماتچىلىق سوتسىيالىزم ئەمەس. ماركس «گوتا گاڭگىلىغا پىبەن» دېگەن كىتابىدا ئاتالمىش ئەمگەك تاپاۋىتىنى تەڭ تەقسىم قىلىش كۆز قارىشىنى قاتتىق پىبەن قىلغان ئىدى. سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىيەت پەقەتلا ئەمگەكچىلەر تەمىن ئەتكەن ئەمگەك ۋە ئۇنىڭ سان، سۈپىتىگە ئاساسەن ھەق بېرىدۇ، ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەقلىي قابىلىيەت ۋە جىسمانىي قۇۋۋەت جەھەتتە پەرق مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئەمگەك تاپاۋىتىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا پەرق مەۋجۇت بولىدۇ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدۇ، ئۇ ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە پەرق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئوخشاش بولمىغان سان ۋە سۈپەتتىكى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوققا چىقىرىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىلغارلارغا زەربە بېرىش، ئارقىدا قالغانلارغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت ئەكس رول ئويناپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا ئازار بېرىپ، «ئاز ئىشلىسىمۇ، كۆپ ئىشلىسىمۇ ئوخشاش، ياخشى ئىشلىسىمۇ، يامان ئىشلىسىمۇ ئوخشاش، ئىشلىسىمۇ؛ ئىشلىمىسىمۇ ئوخشاش» دەيدىغان غەلىتە ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ، كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، تەڭ تەقسىماتچىلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، ئەكسىچە، دەل بىز تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتمەكچى بولۇۋاتقان نۇقساندۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلاھاتقا ماسلىشىدىغان يېڭى كۆز قاراش تىكلەشكە ياردەم بېرىش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاساسلىق دەرسلىكى قىلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچى، كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تولۇق ئىشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. ئىسلاھات ئاممىنىڭ ئىشى،

پەقەت ئاممىنى قوزغىغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھاتنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. پەقەت بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئاممىغا تايانغاندىلا، ئىسلاھات ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات ھەرگىز مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بولماستىن، ئەكسىچە، كەڭ ئاممىنىڭ ئارزۇسىنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى، ئاما ئارىسىدا ئىسلاھاتنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى يوشۇرۇنغان، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلاھاتقا ئاتلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كونكرېت ئېيتقاندا، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىسلاھات لايىھەسىنىڭ بېكىتىلىشى، يولغا قويۇلۇشىدىن ئىبارەت پۈتكۈل جەريانغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ھەر بىر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرى شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمىگە قويۇشتۇرۇپ، ئۈز ۋاقىتتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق، قايسى تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش، قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تولۇق پىكىر ئېلىش كېرەك؛ ئىسلاھات لايىھەسى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىشىغا قويۇپ، قايتا - قايتا تۈزىتىش كېرەك؛ لايىھە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئاۋۋال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇلۇشى لازىم. ئەگەر مانا مۇشۇنداق بىر جەريان بولغانلا بولسا، كارخانا ئىسلاھاتى پۇختا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كۆپ سانلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قايىل بولىدۇ، ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ، قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئاممىنى مۇھاكىمىگە قاتناشتۇرۇش جەريانى — دەل ئاممىنى قوزغاش جەريانىدۇر. شۇڭا، ئۇ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىسلاھاتنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈشى لازىم.

كارخانا رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۈزەكى، ئاددىيلا ئىش كۆرۈشتىن ھەزەر ئەيلەپ، مەمۇرىي بۇيرۇقنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىكى كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ياكى ئۇلار ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ، ئاممىغا بىلدۈرۈلۈشى، مەسىلىلەرنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. پەقەت بىز ئىسلاھاتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش، ئاكتىپ - ئېھتىياتچانلىق ئىستىلىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ئىسلاھات جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ياخشى بولغان ئىسلاھات ئوبرازىنى تۇرغۇزۇش لازىم. كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى چوقۇم خىزمەتلەرنى كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشى كېرەك. بىز دەۋاتقان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بولۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مانا مۇشۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىسلاھاتقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشى، تەشكىللىشى لازىم؛ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق - نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا ئاكتىپ ئاتلىنىشى لازىم؛ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى لازىم.



# سىڭگىم يېزىسىدا ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

— مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، تۇرپان شەھىرى
سىڭگىم يېزىسىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا

سىڭگىم يېزىسى — تىيانشان تېغى بىلەن يالقۇنتېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزا بويىچە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 3620 ئائىلە، 20 مىڭ 564 نوپۇسقا ئىگە بىر قەدەر چوڭ يېزىلارنىڭ بىرى. بۇ يېزىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن تارتىپ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا قوللاش ۋە بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، سىڭگىم يېزىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئورتاق تۆھپە قوشۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، يېزىدا يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، گۇرۇپپىيا باشلىقلىقىنى ئاساسلىق مەسئۇل كىشىلەر ئۈستىگە ئالدى؛ ھەر قايسى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىمۇ ئۈچتىن-بەشكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، گۇرۇپپىيا باشلىقلىقىنى ھەر قايسى باچىكىلارنىڭ شۇجىلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. بۇ يېزىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يۇقىرىدىكىلەرمۇ، تۆۋەندىكىلەرمۇ بىردەك ئۆتۈش، قائىدىلار بويىچە ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مۇستەھكەم ئاساس سېلىنغانچقا، 1978-يىلدىن بۇيان يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى كۆپ قېتىم تەڭشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى؛ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بارغاندا، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاپ سايلىغاندا، ئۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىل ئۆتۈپ كەلدى. ھەر يىلى 5-ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇردى. نەتىجىدە، بۇ يېزىدا ھەممە ئادەم ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1986-يىلدىن ئىلگىرى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان پەيزاۋات كەنتى ئاھالە كومىتېتى 5-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىچىدىغان

سۇ مەسىلىسىدە پات - پات زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ئىتتىپاقلىققا زىت ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى سۇ مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتنى تۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئەترەتلەرگە 500 مېتىردىن 2500 مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بېرىپ، سۇ ئالىدىغان نۇقتىلارنى كۆپەيتىپ، ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلدى. سەككىز يېزىسىدا ئىلگىرى خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدىغان مەكتىپى بولمىغاچقا، بەزىلەر پەرزەنتلىرىنى سىرتقى جايلارغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كەلگەن، ھەتتا بەزىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالماي باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، خەنزۇ مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات يېزىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى تەدبىر قوللىنىپ، مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق 1987 - يىلى يېزىدا بىر خەنزۇ، خۇيزۇلار مەكتىپى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز يۇرتىدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكىچە ئوقۇيالايدىغان شارائىتقا ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقانلار پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ قۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئەترەتلەردە سۇ كەمچىل بولغاچقا، مەھسۇلات كەملەپ كېتىپ، ئۇلار تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باشقا ئەترەتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلار خەنزۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆز قىيىنچىلىقى دەپ بىلىپ، ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان 2 - ئەترەتنىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇقىنى خەنزۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن كۈنگە 35 مو يەرنى سۇغىرالايدىغان بۇ قۇدۇق ئارقىلىق خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلىنىپ، مەھسۇلاتى يىلمۇ - يىل ئېشىپ، ئىقتىسادىي كىرىمى كۆپىيىپ، ئەترەتتىكى 49 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ھەممىسىلا بانكىغا پۇل ئامانەت قويىدىغان بولدى.

1985 - يىلى سەككىز يېزىسى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ، مال - مۈلكى ۋە زىرائەتلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىمۇ كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، 5 - ئەترەتتىكى 13 ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، بەزىلىرى ماكانسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا، 7 - ئەترەتتىكى خەنزۇ دېھقانلار ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، 570 جىڭ ئاشلىق، 500 يۈەن نەق پۇل يىغىش قىلىپ ياردەم قىلغاندىن باشقا، 370 ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە تراكتور، تېرىلغۇ ئۇلاق كۈچى چىقىرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ھەقسىز تېرىشىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەملىشىدۇ.

1986 - يىلى يېزىنىڭ بىر كۆۋرۈكىنى كەلكۈن بۇزۇۋېتىدۇ. بۇ كۆۋرۈك خەنزۇ ئەترەتكە تەۋە بولمىسىمۇ، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن 2000 يۈەن مەبلەغ، تراكتور، ماشىنا ۋە ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىپ، بىر ئايدىلا كۆۋرۈكنى ياساپ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئۇيغۇر دېھقانلار 7 - ئەترەتتىكى خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىماسلىقتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ھەمدە بۇ كۆۋرۈككە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆۋرۈكى» دەپ نام بېرىدۇ.

پەيزاۋات كەنتى ئاھالىلەر كومىتېتى 1 - ئەترىتىدىكى دېھقان خۇلۇگجۇننىڭ ئايالى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئون نەچچە يىل ئاغرىق ئازابىنى تارتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ دېھقانچىلىق ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ داۋالىتىشقا شارائىت يار بەرمىگەنلىكتىن، چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قوشنىسى پاتەمخان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سەمىمىيلىك بىلەن خۇلۇگجۇنگە: «سىلەر بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلماي، خاتىرجەم كېسەلنى داۋالىتىپ كېلىڭلار، بالىلارنى بېقىش ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ مېڭىۋېرىڭلار، مەن چوقۇم سىلەر بارغىچە ھەممە ئىشلارنى جايىدا ئىشلەپ تۇرىمەن» دەيدۇ. خۇلۇگجۇن ئۈچ بالىسىنى ۋە ئائىلە، تېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى پاتەمخانغا تاپشۇرۇپ، ئايالىنى داۋالىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە يول ئالدى. ئۇ ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئۈچ ئاي جەريانىدا، پاتەمخان ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىنى خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. يەرلىرىنى تېرىپ، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇغدايلىرىنى ئورۇپ يىغىپ قويدۇ. خۇلۇگجۇن قايتىپ كېلىپ ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇيغۇر قوشنىسى پاتەمخانغا: «سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، سىز بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولمىسىڭىزمۇ، تۇغقاندىنمۇ ئوبدان ياخشىلىق قىلدىڭىز، سىزنىڭ بىزگە قىلغان مېھرى - شەپقىتىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمىز» دەيدۇ. . .

سىڭگىم يېزىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جاپادىمۇ - ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ، ئۆز ئارا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزگەنلىك ئىش ئىزلىرىنى بۇ يېزىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ يېزىدا ھەممىلا ئادەم ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئىتتىپاقلىقنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى قوغدايدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى، مەھسۇلات يىلمۇ-يىل ئاشتى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1989 - يىلى يېزىنىڭ ئومۇمي كىرىمى 22 مىليون 152 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 855 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن ئالتە ھەسسە ئاشتى. 1986 - يىلدىن ئىلگىرى بۇ يېزىدا ئالتە نامرات ئەترەت، 216 نامرات ئائىلە بار ئىدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نامرات ئەترەت ۋە نامرات ئائىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا قاراپ ماڭدى. نەتىجىدە، بۇ يېزا 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە، 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. (05)

(ماقالىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەمىنلىگەن)

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

(بېشى 38 - بەتتە)

ھوسۇل خۇشاللىقىدىن قانغۇچە بەھىر ئالغىلى بولىدىكەن، بەدەلگە چۈشلۇق نەپمۇ بار ئىكەن، روھىي جەھەتتە تەكپۇكلۇققا ئېرىشكىلىمۇ بولىدىكەن» دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قىلغاندا توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ؟ بىرىنچى، ئالدى بىلەن چىرىك ھادىسىلەرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمەسلىكىنى كۆرۈش كېرەك، ئىككىنچى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىك ھادىسىلەرنى تۈگىتىشتە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇنى پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقان ئاكتىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. پەقەت شەخسەن ئۆزىلا ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇمۇم ئۈچۈن ئىشلەپلا قالماستىن، پاك دىيانەتلىك بولۇپ، چىرىك ھادىسىلەر ۋە ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى دادىل كۈرەش قىلىشى لازىم. چىڭ بېگنەن

# يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

جاڭ شاۋرېن

پارتىيىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»دا يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى 90 - يىللاردىكى يېزا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش ھەمدە يېزا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك تەدبىرى سۈپىتىدە تۇتۇش تەلەپ قىلىنغان.

«قارار»دا نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش يېزا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرى قىلىندۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولى بەلگىلىگەن. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى غايەت زور دەرىجىدە قوزغىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا يىلمۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن 13 - يىلى مول ھوسۇل ئېلىندى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ زور ئىسلاھات تەدبىرى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا، كەنتلىرىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر خىل ئاساسىي تۈزۈمى سۈپىتىدە ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇپ كەلدى. بىراق، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىز شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، ھازىر نۇرغۇن جايلاردا كوللېكتىپ بىر تۇتاش ئىگىلىك قاتلىمى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، تارقاق ئائىلە ئىگىلىكىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتەلمەيۋاتىدۇ؛ تارقاق ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانلار بىلەن ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتقان تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت چوڭ بازارنى بىر - بىرى بىلەن ئۇلاشتۇرىدىغان يول كەمچىل بولماقتا، بۇ ھال ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، مىليونلىغان دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كەڭ يېزىلارنىڭ تەبىئىي ئىگىلىكىنى تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنى تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى بولۇپ قالدى. ھازىر نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرغانلىق تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئائىلىلەرنىڭ تارقاق، كىچىك دائىرىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپلەشكەن، ئىجتىمائىيلاشقان زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىلەن بىر تۇتاش ئىگىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىرلەشتۈرۈپ، غايەت زور يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى شەكىللەندۈرگىلى، ئاندىن خەلقنى بېيىتىش، ناھىيىنى بېيىتىش نىشانىغا يېتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2000 - يىلى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتەك ستراتېگىيىلىك نىشاننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى ئادەتتە ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى يېزىلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئوتلاق پونكىتى قاتارلىق مۇلازىمەت قۇرۇلمىلىرىغىچە كېڭىيىدۇ. بۇ — يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچى. ئىككىنچى، مەمۇرىي كەنت ياكى تەبىئىي كەنتلەردە ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتى بەرپا قىلىندۇ. ئۇ تارقاق ئائىلە ئىگىلىكىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشنى مەقسەت قىلغان، بىر تۇتاش ئىگىلىك قاتلىمىنى كۈچەيتىشنى ۋاستە قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، باشقۇرۇشنى ماسلاشتۇرىدىغان، مەبلەغ جۇغلايدىغان، كارخانا قۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرگە ئىگە ھەمدە كوللېكتىپ ئىقتىسادنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، باشقا ھەرقانداق مۇلازىمەت تەشكىلىنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچى، كەڭ دېھقانلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان ھالدا قۇرۇلغان ھەرخىل كەسىپ خاراكتېرلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، ھەر خىل بىرلەشمىلەر ھەمدە كەسپىي ئائىلىلەر تەمىنلىگەن مەلۇم بىر تەرەپ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇ — يېزا مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ بەزى مۇھىم تولۇقلىمىسى. بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇلازىمەت قىلىش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئوخشىمىسۇ، لېكىن ھەممىسلا يېزا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دېھقانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا، پەقەت دۆلەت، كوللېكتىپ، دېھقانلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت تورىنى شەكىللەندۈرگەندىلا، ئاندىن دېھقانلارنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك تەلىپىنى قاندۇرغىلى، يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ.

بىز ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىمىزدا، قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئامما ئۇنى ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. بولۇپمۇ جايلاردا ۋىلايەت خاراكتېرلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزىلەر يەنە كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتەك كونا يولغا مېڭىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن. بۇ خىل خاتا چۈشەنچىلەر ئائىلە ئىگىلىكى بىلەن مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇشنى تەكىتلىشىمىز دەل ئائىلە ئىگىلىكى يولغا قويۇشقا قۇۋۋىتى يەتمەيدىغان، ئۇبدان باشقۇرغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئائىلە ئىگىلىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسى. ئائىلە ئىگىلىكى مۇقىم بولمىسا، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئوبيېكتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ، ئۇ ھالدا ئۇنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتىمۇ قالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىلىرى تەمىنلىگەن ھەر خىل مۇلازىمەتلەر بولمىسا،

ئائىلە ئىگىلىكى ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش، چوڭ بازارلار بىلەن مۇناسىۋەتتىن مەھرۇم بولىدۇ، ئۇ ھالدا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا بولمايلا قالماستىن، بەلكى پەيدىنپەي تارىيىپ، ئاۋار ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىشكە پايدىسىز، پەقەت بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى بەرپا قىلغاندىلا، ئاندىن كىچىك دائىرىلىك ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ماددىي، تېخنىكا كۈچىنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك تۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئائىلە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا يېڭىدىن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكىلى، پۈتكۈل دېھقانلارنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرغىلى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئۇۋەتتە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئائىلە ئىگىلىكى بىلەن تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىياشقان مۇلازىمەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانى يېزا ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىشى، فۇنكسىيىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشى، مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، يېزىلاردا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. كونكرېت ئۇسۇل جەھەتتە، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن، تۈرتكە بولۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ، بىردەك بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. ئىقتىسادىي ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولغان بەزى يېزا، كەنتلەر يەككە خىل مۇلازىمەتنى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتكە ئۆزگەرتىشى؛ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مۇلازىمەتنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە ئۆزگەرتىشى؛ يۈزەكى قاتلاملىق مۇلازىمەتنى چوڭقۇر قاتلاملىق مۇلازىمەتكە ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئىقتىسادىي بىرقەدەر ئاجىز بولغان بەزى يېزا، كەنتلەردە ئىشنى دېھقانلارغا ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەرەپلەردىن باشلاپ ئۇۋەتتەدىن يۇقىرىغا، ئازدىن كۆپكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىلەن كوللېكتىپ بىر تۇتاش ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. (06)

* * *

## بىلىق ۋە گۆشلۈك تائاملارنى يېگەندىن كېيىن چاي ئىچمەسلىك كېرەك

كىشىلەر گۆش، تۇخۇم، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ئاقسىل ماددىسى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ھەزىم قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ دەپ دەرھال چاي ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ خىل ئادەتنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكىنى بايقىغان.

چۈنكى، چاينىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا تاننىن (ئاشلاش كىسلاتاسى) بار. تاننىن ئاقسىل ماددىسى بىلەن بىرلىشىپ، قورۇلغان تاننىن ئاقسىلى شەكىللەندۈرۈپ، ئۈچەينىڭ سازاڭگىسمان ھەرىكىتىنى ئاستىلىتىپ، چوڭ تەرەتنىڭ ئۈچەيدە توختاپ قېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىپ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى زەھەرلىك ماددىلار ۋە راك پەيدا قىلىدىغان ماددىلارنىڭ ئادەم بەدىنىدە ئىستېمال قىلىنىش ئىمكانىيىتىنى ئاشۇرۇپ، سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ. (03)

(«ئائىلە ساقلىقنى ساقلاش گېزىتى»دىن)

# پاي چېكى، پايچىكلار شىركىتى، پاي چېكى بازىرى، پاي چېكى ئېلىش - سېتىش

يەكيا شېرىپ

ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاكسىيە بازىرى، پاي چېكى بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ ئۆز رولىنى نامايان قىلماقتا. 1990 - يىلدىن باشلاپ ئالدى - كەينى بولۇپ شاڭخەي ۋە شېنجېن شەھەرلىرىدە پاي چېكى بازىرى بارلىققا كېلىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، ھازىر ئىككى شەھەردە بىر قەدەر مۇقىم بولغان پايچىكلار سانى 1 مىليون كىشىگە يەتكەن. ۋاقىتلىق ۋە قىسقا مۇددەتلىك پايچىكلارنى قوشقاندا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. پاي چېكى بازىرى ئاۋات. پاي چېكىنى كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مەنزىرىلەر ھەممىشە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. پاي چېكى سېتىش ئارقىلىق توپلانغان مەبلەغ 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ مەبلەغلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا پاي چېكى سېتىش ئەمدى باشلاندى، ئاز كۈن ئىچىدە بىر تۈركۈم پاي چېكى بازارغا سېلىنىپ سېتىلدى. يولداشلارنى بۇ كەسىپتىن ئاز - تولا خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە پاي چېكىگە ئائىت بەزى مەسىلەر ئۈستىدە توختالماقچىمەن.

## پاي چېكى

پاي چېكى — پاي قوشقانلىقنىڭ ۋە دارامەتكە ئىگە بولۇشنىڭ بىر خىل قەغەز ئىسپاتى. ئۇ ھەر خىل بولىدۇ. پاي چېكى پاي سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىسمى يېزىلىش - يېزىلماسلىقى بويىچە ئىسىمسىز پاي چېكى ۋە ئىسىملىك پاي چېكى دەپ ئايرىلىدۇ. ئىسمى يېزىلغان پاي چېكىنى سېتىشقا توغرا كەلگەندە، شىركەتكە بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەيدۇ؛ ئىسمى يېزىلمىغان پاي چېكى رەسمىيەتسىز بىۋاستە سېتىلىدۇ. پاي چېكى، پاي چېكلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى بويىچە، ئادەتتىكى پاي چېكى ۋە ئېتىبار بېرىلىدىغان پاي چېكىگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتىكى پاي چېكىنىڭ ئۆسۈمى تۇراقلىق بولمايدۇ، كارخانا پايدىسىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كارخانا روناق تېپىپ كۆپ پايدا ئالغاندا، ئۆسۈم كۆپ بولىدۇ، ھەتتا بىر ئۆلۈش ھايانغىمۇ ئىگە بولىدۇ. كارخانا ئاز پايدا ئالغاندا، ئۆسۈمى ئاز بولۇپ، زىيان تارتقاندا ئۆسۈمى يوق بولىدۇ. ئېتىبار بېرىلىدىغان پايچىكنىڭ ئۆسۈمى ئومۇمەن مۇقىم بولۇپ كارخانىنىڭ پايدىسىنى ئالدى بىلەن تەقسىم قىلىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. پاي چېكىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بانكا ئۆسۈمىنىڭ مۇقىم، تۆۋەن بولۇشى ۋە بىخەتەر بولۇشتەك ئەھۋالى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

پاي چېكى پايچىكلار شىركىتى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ، ئاكسىيە بازىرىدا سېتىلىدۇ - سېتىۋېلىنىدۇ. ئۇنىڭدا پاي چېكى تارقاتقان شىركەتنىڭ نامى، تىزىمغا ئالدۇرغان ۋاقتى، تارقىتىلىش سانى، ۋاقتى ۋە ھەر بىر پاي چېكىنىڭ قىممىتى ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ.

پاي چېكىنى سېتىۋالغۇچى شۇ شىركەتنىڭ پايچىكى ھېسابلىنىدۇ. پايچىك ئىككى خىل بولىدۇ: كىچىك پايچىك ۋە چوڭ پايچىك. كىچىك پايچىك ئايرىم شەخسلەرنى؛ چوڭ پايچىك بانكا، ستراخوۋانىيە شىركىتى، مەبلىغى كۆپ سودا - سانائەت كارخانىلىرى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ.

پايچىك ئۆز مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلگەندە، شىركەتتىن نەق پۇل قايتۇرۇۋالالمايدۇ، پاي چېكىنى بازاردا سېتىش ئارقىلىق ئۆز مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاي چېكى مەۋھۇم بولىدۇ. پاي چېكىنى ئېلىپ - سېتىشقا بولۇشتىن باشقا، گۆرۈگە قويۇشقىمۇ بولىدۇ.

## پايچىكلار شىركىتى

پايچىكلار شىركىتى (ھەسسەدارلىق شىركىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — ئايرىم ۋە تارقاق، بوش ياتقان مەبلەغلەرنى پاي چېكى سېتىش يولى ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا. نۆۋەتتە شاڭخەي شەھىرىدە شىڭيىن، ۋەنگۇ، خەيتوڭ قاتارلىق بىر قانچە چوڭ ئاكسىيە شىركەتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق كەسىپى ئۇقۇملىرى تەسىس قىلىنىدى، كەسىپى خادىملىرى بىر نەچچە يۈزگە يەتتى.

پايچىكلار شىركىتى تاۋار ئىگىلىكى، ئامانەت - قەرز ۋە بانكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىپ، ئىجتىمائىي مەبلەغ شەكلى، ئىجتىمائىي كارخانا شەكلى ۋە ئۇسۇم شەكلىنى قوللىنىدۇ. ئۇ، قانۇنىي شەخسى ياكى قانۇندىكى پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقى ئايرىلغان، پايچىكلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

## پاي چېكى بازىرى

پاي چېكى بازىرى—پاي چېكىنى ئېلىش-سېتىش سورۇنى. ئۇنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى پاي چېكىنىڭ ئېلىپ - سېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىش. چەت ئەلدە ياكى بىزدە بولسۇن. پايچىكلار شىركىتى تارقىتىدىغان پاي چېكىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن پاي چېكى بازىرىدا ساتىدۇ. پاي چېكىنىڭ باھاسى بازار نەرخىمۇ دېيىلىدۇ. پاي چېكىنىڭ بازار نەرخى بىلەن سېتىلماقچى بولغان پايچېكىنىڭ باھاسى بەزىدە بىردەك بولىدۇ، بەزىدە پەرق بولىدۇ. سېتىۋالماقچى بولغان پاي چېكى (تەلەپ) بىلەن سېتىلماقچى بولغان پاي چېكى (تەمىنلەش) بىردەك بولغاندا، نەرخى بىلەن باھا بىردەك بولىدۇ؛ بىر خىل پاي چېكىنى سېتىۋالىدىغان ئادەم كۆپ، پاي چېكىنىڭ سانى ئاز بولغاندا، نەرخى باھادىن يۇقىرى بولىدۇ؛ بىر خىل پاي چېكىنى سېتىۋالىدىغان ئادەم ئاز، پايچېكىنىڭ سانى كۆپ بولغاندا، نەرخى باھادىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما پاي چېكىدىكى باھا پاي قوشقاندىكى باھا بولغاچقا ئۆزگەرمەيدۇ.

## پاي چېكى ئېلىش - سېتىش

پاي چېكى ئېلىش - سېتىشتا ھەم ھايان ئېلىش، ھەم زىيان تارتىشنىڭ ھەر ئىككى خىل ئېھتىمالى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پاي چېكىنىڭ بازار نەرخىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرا مۆلچەرلەنسە، كىشىلەر ھايانغا ئىگە بولىدۇ؛ ئەكسىنچە بولغاندا، زىيان تارتىدۇ. ھايان ئېلىش بىلەن زىيان تارتىش ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يۈكى قانچە ئېغىر بولسا، يېغىرى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

كىشىلەر ھايان ئېلىش تەرىپىگە ئىگە بولۇش، زىيان تارتىش تەرىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. (1) ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەبلىغىگە پاي چېكى سېتىۋالماسلىق، زاپاس مەبلەغ ساقلاش. پاي چېكى سېتىۋالغاندا بىر ياكى ئىككى خىل پاي چېكى بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق، مۇمكىن قەدەر سېتىۋالىدىغان پاي چېكىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇش؛ (2) ئۇقتا بەلگىلەپ قانائەت ھاسىل قىلىش. پاي چېكىنىڭ بازار نەرخى داۋاملىق ئۆرلەپ تۇرۇشتەك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە ئەتراپتىكى كىشىلەردىن بازار ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلاپ يۈرمەي (چۈنكى ئۇنى ھېچكىم توغرا مۆلچەرلەپ كېتەلمەيدۇ)، ئۆزى مەلۇم ئۇقتىنى بەلگىلىشى لازىم. ئالايلۇق، ئون يۈەنلىك پاي چېكىدىن بەش يۈەن ھايان ئېلىش دېگەن بۇ ئۇقتا بەلگىلەنگەندە، پاي چېكىنىڭ بازار نەرخى 15 يۈەنگە چىقسىلا ئۇنى سېتىش، ئېبرىسىغا قارىماسلىق، قانائەت ھاسىل قىلىش؛ (3) تۆرىكۈمگە بۆلۈپ سېتىش، توپ ساتماسلىق. ئۇقتا بەلگىلەپ سېتىش خەۋپكە ئۇچراپ زىيان تارتماسلىقنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، لېكىن بازار نەرخىنىڭ داۋاملىق ئۇسۇشى ياكى تۆۋەنلەپ كېتىشىنى ھېچكىم تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمەيدۇ. ناۋادا، ئەمەلىيەتتە ھەممە پاي چېكىنى توپ سېتىپ بولغانىنىڭ ئەتىسى، بازار نەرخى داۋاملىق ئېشىپ بارىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە سۆزسىز ئۆكۈنۈپ قالىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ھەممە پاي چېكىنى بىردىنلا سېتىۋەتمەسلىكى لازىم.

يولداشلار يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن چەكلىنىپ قالماي، باشقا فورما بويىچە ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنىمۇ قوللىنىشى لازىم. (01)



# پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى دىيانەتلىك ئەر-خوتۇن

تۇرسۇن تۇردى

چىرا ناھىيىسىدىكى چاقار يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ئابدۇرېھىم روزى بىلەن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش سايىپخان ھوشۇر ساپ ۋىجدان بىلەن پاشاپ، چىرىتىشكە قارشى تۇرۇپ، 1700 يۈەنلىك پارىنى قەتئىي رەت قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلاردۇر.

بۇ يىل چىرا ناھىيىسىدە يىپەك زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنىڭ خام ئەشيا تەييارلىقى ئۈچۈن، ئۈجمە سېلىش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەچكە پۇل، پايدىنى كۆزلەپ ئۈجمە كۆچىتى ئېلىپ ساتىدىغان «بىدىك» - لەرمۇ خېلى كۆپىيىپ قالدى. باھار بايرىمىنىڭ 2 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ماڭلاي يېزىسىدىن مەلۇم بىر كىشى چىرا ناھىيىسىگە كېلىپ، چاقار يېزىسىنىڭ 600 مىڭ تۈپ ئۈجمە سېلىش ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھىيە مەركىزىدىن 68 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چاقار يېزىسىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇ شۇ يېزىدىكى ئورمان پونكىتىنىڭ كادىرلىرىدىن سوراش ئارقىلىق، يېزا باشلىقىنىڭ يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ھەممىسى پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغانلىقىنى، ھەم شۇجىنىڭ ئائىلىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى ئائىلىكلەر قورۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بىلگەندىن كېيىن، ناھىيە مەركىزىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان 700 يۈەن قىممىتىدىكى بىر پارچە خوتەن گىلىمىنى ئېلىپ، يولداش ئابدۇرېھىم روزىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيىگە بارغاندا بالا باققۇچىسى ئارقىلىق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى ھەم شۇئان چاقاردىكى ئېرىگە تېلېفون بەردى. ئارىلىقتىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ئادەم ئابدۇرېھىمنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا «ھۆرمەتلىك ئاشۇجى، 12 مو يەردە ئۈجمە كۆچىتىم بار ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۈجمەمنى سېتىۋالارمىكىن دەپ كېلىۋىدىم» دەيدۇ. بۇ گۇمانلىق ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان ئابدۇرېھىم «بىزنىڭ ئۆيگە بىر پارچە گىلەم ئەكىرىپ قويغان ئادەم سىلىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «ھەئە شۇ كىشى مەن بولىمەن، لايىقلىرىدا بولمىسۇ قوبۇل قىلغايلا» دەيدۇ. يولداش ئابدۇرېھىم روزى كەسكىنلىك بىلەن «ئاۋۋال گىلەملىرىنى قايتۇرۇپ كەتسىلە، سىلىنىڭ ئۈجمىلىرىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىقنى ئاندىن بىر نېمە دېيىشەيلى» دەيدۇ. بۇ كىشى ئۇنى - بۇنى دەپ بىر ئاز تۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ قايتىپ كېتىدۇ. يولداش ئابدۇرېھىم روزى شۇ كۈنى ئايالىغا تېلېفون بېرىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرقى ۋە رەڭگى - روھىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇ ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ، گىلەمنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىشنى تاپىلايدۇ. ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى گىلەمنى كۆتۈرۈپ ناھىيىلىك قاتناش ترانسپورتىغا بېرىپ، ئۇ كىشىنى ئىزدەپ تاپتى ھەم گىلەمنى قايتۇرۇپ بەردى. لېكىن بۇ ئادەم تەرسالىق قىلىپ گىلەمنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇنىمايدۇ. ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى «ئۇنداق بولسا، گىلەمنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ، سىلىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىمەن» دېگەندىلا ئاندىن ئۇ

(ئاخىرى 15 - بەتتە)

## شۇجىنىڭ پىداكارلىق روھى

شايار ناھىيە قايلور يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى باجەنگۇ (خۇيىزۇ) خەتەرلىك پەيتتە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

باجەنگۇ بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن



كېتىۋېتىپ، گۈزەل بوستان كەنتىنىڭ 4 - مەھەللىسىگە كەلگەندە، تۇستەڭنىڭ جاكۇسى ئۈستىدە ياشانغان بىر موماينىڭ «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ - دە، دەرھال موماينىڭ يېنىغا بېرىپ، بەش ياشلىق بىر بالىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەي سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ كېتىۋاتقان بالىنى سۇدىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ بالىنىڭ قورسىقىدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىپ، سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈپ، بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بالىنىڭ دادىسى ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «يولداش! رەھمەت سىزگە، سىزدەك ياخشى شۇجىنى تەربىيىلىگەن پارتىيىگە مىڭ رەھمەت» دەيدۇ. (03)

ئامان گايىت

## ئىسلام ئابدۇللا پارىنى رەت قىلدى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسلام ئابدۇللا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئىشتىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جەمئىي 23 قېتىم 3410 يۈەن پارىنى رەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ ئىككى يۇرتدىشى 1600 يۈەن



قىممىتىدە ئىككى دانە گىلەم سوۋغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتىنى ياخشىراق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغاندا؛ يەنە بىر قېتىم يېزىغا قاراشلىق مەكتەپتىكى بىر ئوقۇتقۇچى خىزمىتىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ، 200 يۈەن نەق پۇلنى ئۆيىدۇرماستىن ئىسلام ئابدۇللانىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويغاندا ئىسلام ئابدۇللا ئۇلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىپ، پۇل ۋە نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەن. ئىسلام ئابدۇللانىڭ پۇل - مال ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئادىل ئىشلەيدىغان ئېسىل خىسلىتىگە رەھبەرلىك ۋە يولداشلار ئاپىرىن ئوقۇدى. (03)

تەلئەت

## جاڭ خەيشىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن جازالاندى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 3 - شى 52 - تۇەن - مەيدانى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دۈينىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترەت كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى جاڭ خەيشىڭ دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە



خىلاپلىق قىلىپ، ئىككى بالىسى تۇرۇقلۇق يەنە 3 - بالىسىنى ئارتۇق تۇغقان. بۇ تۇەن - مەيدان پارتكومى ۋە تۇەن - مەيدان پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ يىل 2 - ئايدا يولداش جاڭ خەيشىڭغا 1000 يۈەن جەرىمانە قويدى ھەمدە ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى، دۆلەت كادىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بۇ تۇەننىڭ 8 - لىيەنىگە چۈشۈرۈپ، يەر ھەيدەشكە بەردى. تۇەن - مەيداندىكى بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا جاڭ خەيشىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەمەلىيلىك ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تۇەن بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. (03)

مەھەممەتئىمىن يۈسۈپ

## توختەمەت روزى قولغا ئېلىندى

قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ كاسسىرى، كومپارتىيە ئەزاسى توختەمەممەت روزى ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىشنىڭ ئورنىغا، ئۆز خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ يالغان قەرز پۇل ھۆججىتى يېزىش ئۇسۇلى بىلەن 1989 - يىلى 4 - ئايدىن 1990 - يىلى 5 - ئايغىچە 6300 يۈەنگە، كىرىمنى ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك ئۇسۇلى بىلەن،



نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پۇلىدىن 13 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغان. 15 مىڭ يۈەن ئايلانما مەبلەغنى 10 ئايدا 6000 يۈەن ئۆسۈم ئېلىش شەرتى بىلەن ئۆچ كىشىگە جازانىغا بەرگەن. بۇ پۇلنى بانكىغا قايتۇرۇش ۋاقتىدا يالغان قەرز پۇل ھۆججىتى يېزىپ جىنايىتىنى يوشۇرغان، ئۇ مانا مۇشۇنداق قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمنىڭ جەمئىي 34 مىڭ 300 يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغان.

مەسىلە پاش بولغاندىن كېيىن، مەزكۇرنى تەكشۈرۈۋاتقاندا جاۋابكارلىقتىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. قاراقاش ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىكى كادىرلار ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ رازۋېتكا قىلىپ، بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جاۋابكار توختەمەت روزىنى قانۇن بويىچە قولغا ئالدى. (03)

تۇرسۇننىسا جاپپار

# كومپارتىيە ئەزالىرىدا جەزمەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى شەرت

مەن خىزمەتكە چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر ياش، پارتىيە ياچېيكىسىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم دېگەندەك كۈچلۈك بولمايۋاتىدۇ. چۈنكى، ئاساسىي قاتلاملاردا پارتىيە ئەزاسى بولۇشنىڭ بەكمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن: مەيلى قانداقلىكى جاپالىق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەيدىغان گەپ، ھەر قاچان، ھەر قانداق جايدا بەخىش ئېتىشلا سۆزلىنىدۇ، ئەگەر يۇقىرى قاتلاملاردىكى بىرەر ئورگاندا ئورنى، ۋە ھوقۇقى بار پارتىيە ئەزاسى بولسا ئىدى كاشكى، ئۇنداقتا، ھەر قانچە جاپا تارتسىمۇ، مول ھوسۇل شادلىقىدىن بەھىر ئالغىلى بولىدىكەن، بەدەلگە چۈشلۇق نەپمۇ ئالغىلى بولىدىكەن، روھىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلۇقنىمۇ ساقلىغىلى بولىدىكەن. بىراق ئاساسىي قاتلاملاردا، پارتىيە ئەزاسى بولسا، ئادەم باشقىچە ئويسكە كىرىپ قالىدىكەن: چىقىملا بار، كىرىم يوق، يولداش تەھرىر، سىز مېنىڭ بۇ كۆڭۈل بىئاراملىقىمنى چۈشىنەرسىزمۇ؟ گو فېڭ

يولداش گو فېڭ:

خېتىڭىزنى ئوقۇپ، گەرچە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىڭىزمۇ، بۇ تەلپىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب سىز ئاساسىي قاتلاملاردا پارتىيە ئەزاسى بولسا بەكمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى، مەيلى قانداقلىكى جاپالىق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەش كېرەكلىكىنى، ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق جايدا بەخىش ئېتىشلا تەكىتلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، سىزدە ئاساسىي قاتلاملاردا پارتىيە ئەزاسى بولسا، ئادەم زىيان تارتىدىكەن دەيدىغان ئىدىيىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدا.

ياشلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ تونۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن، پايدىلىنارسىز.

سىزنىڭ بەزى قاراشلىرىڭىزنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا ۋە ئۇنى ئۆلچەشتە، مېنىڭچە، ئالدى بىلەن بىر «تارازا» بولۇشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىدۇر. سىز پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىكەنسىز، ئۇ ھالدا بىزدە مەسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئورتاق تىل، ئورتاق ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. مەن پارتىيىگە نېمە ئۈچۈن كىرىدۇ؟، پارتىيىگە كىرىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ پارتىيىگە كىرىش مۇددىئاسى قاتارلىقلارنى دەل بىز چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلەرنىڭ ئۆلچىمى، شۇنداقلا ئۇنى پارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئاكتىپلار ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان، بۇنىڭ ئەكسىچە، جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەسىلە دەپ قارايمەن. بىز شۇنى بىلىمىزكى، پارتىيە نىزامنامىسىدە ئېنىق قىلىپ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار جەزمەن «پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى— جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، پارتىيىنىڭ ئاخىرقى نىشانى — كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى توغرىسىدا دېگەن بابىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىسىدۇر»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىماي كوممۇنىزمنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىش شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇرۇپ بېرىدىغان قەسەمنامىسىنىڭ ئاخىرىدا: «ئاكتىپ ئىشلەيمەن، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىمەن، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن، پارتىيىگە مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايمەن!» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار. پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بۇ بەلگىلىمىلەرنى قانداق تونۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنۇشى شۇ كىشىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدىن بولۇش ۋە شۇ ئارقىلىق كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ — پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پروگراممىسى، مەقسىتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ ھەر بىر پارتىيىگە ئىلتىماس قىلغۇچىغا قويغان ئەقەللىي تەلىپى. بۇ تەلەپكە ياكى ئۆلچەمگە يەتمەي تۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزاسى بولغىلى بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ داۋلىسى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شۇنداقلا ئەڭ جاپالىق ئىش، ئۇ نۇرغۇن ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ جاپالىق كۆرەش قىلىشىغا موھتاج، پەقەت جاپالىق كۆرەش قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بوران - چاپقۇنلۇق كۆرەش يىللىرىدا سان - ساناقسىز كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنى كوممۇنىزملىق غايە ئۈچۈن قۇربان قىلدى، بۇ قان بىلەن يېزىلغان تارىخنى ھەممەيلەن بىلىدۇ. مانا بۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى.

سىز ئېھتىمال: «ئۇ دېگەن ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرى، ھازىر دېگەن تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مەزگىلى، دەۋر ئوخشىمايدۇ» دېيىشىڭىز مۇمكىن، دۇرۇس، دەۋر ئۆزگەردى، ھازىر تىنچ دەۋر، پارتىيىمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىغا چىقتى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، پارتىيىنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئۆزگەرمىدى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت باش مەقسىتى ئۆزگەرمىدى، پارتىيىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا قويىدىغان تەلىپى ۋە ئۆلچىمى ئۆزگەرمىدى، قەسەمنامىدىكى «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن» دېگەن سۆز ئۆزگەرمىدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە پەقەتلا پارتىيە ئەزالىرىغا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دەۋرىدىمۇ پارتىيە ئەزالىرىدا ئوخشاشلا قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى كېرەك. تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇنىڭ «جۇڭگو نېفىتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 15 يىل كەم ياشاشقا رازى بولىمەن!» دەيدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئېلىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىنى قەد كۆتۈرگۈزگەن. بۇنداق كومپارتىيە ئەزالىرى تۈمەن - تۈمەنلەپ تېپىلىدۇ. تۆمۈر ئادەم ۋاڭ جىنشى پەقەت ئۇلار ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەزىمەتتۇر. ئەتراپىمىزغا نەزەر تاشلايدىغان بولساقمۇ، تيەنجىن شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شيەنجۇڭ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى، ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيە ياچېيكىسى بولسا، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، ئۇلار بۇنداق بولۇشتا نېمىگە تايانغان؟ مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىغا تايانغان، جان - دىل بىلەن ئومۇمنى كۆزلەش، جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، ھەر قانداق جايدا ئالدى بىلەن ئاممىنى ئويلاشتىن ئىبارەت ئۆزىنى بېغىشلاش

روھىغا تايانغان. يازلىق، قىشلىق تەتىللەردە ئۇ بىرەر كۈنمۇ دەم ئالمىغان، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر تىيىنمۇ ھەق ئالمىغان، گەرچە ئۆيى مەكتەپتىن خېلىلا يىراق بولسىمۇ، بىر نەچچە قېتىم بېرىلگەن ئۆينى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئامما ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھال - مۇڭلىرىنى ئاڭلىشى، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى تۈزۈمگە ۋە ئادەتكە ئايلانغان. 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى پارتىيە ئەزالىرى: «4 - ئوتتۇرا مەكتەپتە پارتىيە ئەزاسى بولماق تەس، بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقىنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارماسلىقى شەرت؛ ئىككىنچىدىن، قەلبدە ھامان ئامما بولۇشى شەرت؛ ئۈچىنچىدىن، ئاڭلىق ھالدا ھېرىپ - چارچىشى، زىيان تارتىشى شەرت» دەيدۇ. بىراق ئۇلار كۆڭلى، كۆكسىدىن خاتىرجەملىك، پەخىرلىك ھېس قىلىدۇ. مانا بۇلار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دەۋرىدىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

پارتىيە ئەزاسى بولسا پەقەت بەدەل تۆلەشلا كېرەكمۇ؟ ئۇلارغا شەخسىي مەنپەئەتنىڭ كېرىكى يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. بېغىشلاشنىڭ ئۆزى ئېرىشىش ئەمەس، ئۇ بىر خىل بەدەل تۆلەش دېمەكتۇر، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم «ئېرىشىش» بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۈچ تەرەپتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، بېغىشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەنىۋى جەھەتتىن قانائەتلىنىشكە ئېرىشكىلى، ۋىجداننىڭ پاكلىقىغا ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، مەنىۋى تۇرمۇش كىشى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم؛ ئىككىنچى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بەخش ئېتىش ئارقىسىدا ئۆزلىرىمۇ مەلۇم ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ. «ھەممە ئادەم مەن ئۈچۈن، مەن ھەممە ئادەم ئۈچۈن - دە». كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بارغاندا دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئولتۇراق ئۆي شارائىتىمۇ ياخشىلىنىدۇ، پاراۋانلىق مۇئامىلىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ۋاھاكازالار. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يەكشەنبە كۈنلىرى خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىپ تازىلىق قىلساق، ئەخلەتلەرنى تازىلىۋەتسەك، ھەممەيلەن پاكىزە، ئازادە مۇھىتتىن بەھرىمەن بولالايمىزغۇ؟ ئۈچىنچى، بىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقىنىمىز «ھەممە ئادەم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش»تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپى، ئەگەر سىز تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىڭىزنى خىزمەتكە بېغىشلاپ ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسىڭىز، رەھبەرلىك ۋە ئامما سىزنىڭ بۇ «بەدىلىڭىز»گە جەزمەن ھەققانىي، ئادىل باھا بېرىپ، سىزنى مۇئەييەن مۇئامىلىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، تېگىشلىك ھەق بېرىدۇ ۋە شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ رەھبەرلىك ۋە تەشكىل ئويلىشىدىغان ئىش، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانى بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ناتوغرا ئىستىللارغا ۋە تەقسىماتتىكى نامۇۋاپىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر. نۆۋەتتە، پارتىيە ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە بەزى چىرىك ھادىسىلەر، ناتوغرا ئىستىللار ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ نارازىلىقىنى ۋە نەپرىتىنى قوزغايدۇ. بەزى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزىنى سەمرىتىۋاتىدۇ، ھەتتا قانۇننى ئاياغ ئاستى قىلىپ ئۇستىلىق بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر بەزى چاغلاردا ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەردە «پوقرالارنى نەس بېسىۋاتىدۇ»، «ياۋاش ئادەملەر زىيان تارتىۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى «يۇقىرى قاتلاملاردىكى ئورگانلاردا ئورنى ۋە ھوقۇقى بار پارتىيە ئەزاسى بولسا، ھەر قانچە جاپا تارتسىمۇ، لېكىن مول

(ئاخىرى 27 - بەتتە)

# «سېلىشتۇرۇش» ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز

جى مىڭجى

مۇرەككەپ تۇرمۇشتا، ھەممىلا جايدا سېلىشتۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى، ياخشى بىلەن ياماننى ۋە ئارتۇقچىلىق بىلەن ئاجىزلىقنى پەرقلەندۈرگىلى، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا راست بىلەن يالغاننى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەڭ كۆپ سېلىشتۇرۇلىدىغىنى يەنىلا «كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرۇش» تىن ئىبارەت، خالاس.

بىللە مەكتەپكە كىرگەن، بىللە ھەربىيگە قاتناشقان، بىللە خىزمەتكە چىققان، بىللە پارتىيىگە كىرگەن....لەرنىڭ يېشى، سەۋىيىسى، ئەخلاق - پەزىلىتى جەھەتتە ئانچە پەرق بولمىغان بىلەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بەزىلەرنىڭ ئەمەلى ئۆسىدۇ، ئەمما بەزىلەر يەنىلا ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. «سېلىشتۇرمىساڭ بىلمەيسەن، سېلىشتۇرساڭ ھەيران قالىسەن» دېگەن راست گەپتە «سېلىشتۇرۇش»نىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر غايە، غەيرىتىنى، تۆھپىسىنى سېلىشتۇرىدۇ، بەزىلەر بولسا پايدا - مەنپەئەتىنى، تەمىناتىنى، نام - ئابرۇيىنى، تەمەخورلۇق قىلىپ تاپقىنىنى سېلىشتۇرىدۇ. بۇنداق سېلىشتۇرغاندا ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. ئالايلۇق، بەزىلەر سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئوغىسى قاينايدۇ، قوساق كۆپىكى قىلىدۇ، بەل قويۇۋېتىدۇ، ھەتتا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنىمۇ بىرياققا قايرىپ قويۇپ، ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايلا، ساختىپەزلىك قىلىدۇ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نام ئابرويى ۋە مەنپەئەتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نورماللىقىنى يوقاتقان روھىي ھالىتىنى تەڭشىمەكچى بولىدۇ؛ ھالبۇكى، بەزىلەر بولسا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىنتىپاقلىشىش، غەيرەتكە كېلىش ۋە ئالغا بېسىشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىگە كېلىدۇ.

كىشىلەر دائىم دەپ يۈرىدىغان «كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدۇ» دېگەن گەپ تازا مۇۋاپىق ئېيتىلمىغان. چىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن نامەلۇم بىر كىشىنىڭ خاتىرىسىدە «سەپەر ناخشىسى» دەيدىغان بىر كۇپلېت شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان «ئالدىمدا ئاتلىقلار چاپىدۇ ھەيۋەت، مەندە بار - يوقى پەقەتلا ئېشەك، يېتەلمەي ھەسرەتتە ئارقامغا باقسام، ياقىلار ھالى مەندىنمۇ دەھشەت.» ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ھامان «ياخشىلىرىغا يەتمەيدىغان، ناچارلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان» ئىشلار يەنى خۇددى «ناخشا» دا ئېيتىلغاندەك، ئېشەك مىنگۈچى ئات مىنگۈچىگە يېتىشەلمەيدىغان، پالەكپاياغ كېلىۋاتقان ئەپكەشچى ئېشەك مىنگۈچىگە يېتىشەلمەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بەزىلەر ھەمىشە ئۆزىنى «ئۆزىدىن ناچارلار» غىلا سېلىشتۇرىدۇ، «ئۆزىدىن ياخشىلار» غا سېلىشتۇرغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، روھىي ھالىتى بۇزۇلىدۇ، ئاغرىنىدۇ. ئالايلۇق، ئوخشاشلا بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان دوستلار، خىزمەتداشلار ئۆزلىرىنى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆستۈرۈلگەنلەر بىلەنلا «سېلىشتۇرىدۇ»، ئۆزى بىلەن ئورغۇن جەھەتتە شەرتى ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەرنى ھەتتا بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولالمىسىمۇ، ئۈن - تىنسىز ھالدا خالىس تۆھپە قوشۇۋاتقانلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇنداق «سېلىشتۇرغۇچى» لارنىڭ «ئۆزىنى كۆرسىتىشى» بىر ئاز ئېشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، خالاس. بۇنداقلار «سېلىشتۇرۇلغۇچى» بىلەن «ئوخشاش سەۋىيىدە» تۇرۇۋاتىمەن، دەپ قارىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى

(ئاخىرى 21 - بەتتە)

# پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنى 100 يىلغىچە تەكىتلەش كېرەك

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنى «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاساسىي لۇشيەنى» يەنى «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دەپ بەلگىلەندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى 1956 - يىلى باشلانغان بولۇپ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، بۇ، ئەمەلىيەتتە ئاساسىي لۇشيەنىنى كەم دېگەندە 100 يىل تەكىتلەشنى دېرەك بېرىدۇ. بۇ — پۈتۈن خەلق غەيرەتكە كېلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان 100 يىل، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ «تۇنجى باسقۇچلۇق تېرىلوگىيە» سىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەسلىدىكى نامراتلىق، قالاقلىق ئاساسىدا، تەدرىجىي ھالدا كېيىم پۈتۈن، قورساق توق بولغان، ھاللىق ۋە ئوتتۇرا ھال تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان 100 يىل. بۇ 100 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ غەلىبىمىزگە ئالغا يېتەكچىمىزنى يورۇتىدىغان مايák. بۇنىڭغا بىز ئىدىيىدە قەتئىي ئىشىنىشىمىز، ئۇنىڭدىن ھەرگىز گۇمانلانماسلىقىمىز، ھەرىكەتتە قەتئىي تەۋرەنمەسلىكىمىز، ئۇنداق ياكى بۇنداق خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ توسالغۇسىغا ھەرگىز ئۇچرىماسلىقىمىز؛ كالللىمىز قىزىپ كېتىپ، خالىغانچە قالايمىقان شامال چىقىرىپ، قانداقتۇر باشقىچە يېڭى ئويۇنلارنى ئوينىماسلىقىمىز؛ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» سىنى خالىغانچە كۆپەيتىپ ياكى كېمەيتىۋەتمەسلىكىمىز، ھەتتا بۇزماسلىقىمىز لازىم. (03) (سەندۈڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» دىن)

# ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، پۇختىلىق بىلەن ھەقىقىي تۇتۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن ئىستىلنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتتى.

نۆۋەتتە، ئىستىل مەسىلىسى شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغاندەك، مەركەزنىڭ مۇھىم سىياسىي فاڭجېنى بەلگىلەنگىنى بىلەن، ئاچقۇچ — خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتا. لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر قانچە ياخشى بولغان بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە، قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش لازىم.

ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، پۇختىلىق بىلەن ھەقىقىي تۇتۇش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. قۇرۇق چاقىرىق قىلىپ قويۇپلا، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىمىگەندە، مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. خىزمەتنى تۇتقاندا چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش لازىم. چىڭ تۇتماسلىق، تۇتمىغانغا باراۋەر؛ ئەمەلىي تۇتماسلىقمۇ تۇتمىغانغا ئوخشاش. يولداشلار بۇنى چۈشىنىشى كېرەك. (03)

(يۈننەن «ياچېيكا تۇرمۇشى» دىن)

# جۇڭگودىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئون تۆھپىسى

1. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت كۈچىنى زورايتتى.

2. يېزا - بازار كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، زورايتتى.

3. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتتى.

4. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سانائەتلەشتۈرۈش يولى ئىزدەندى.

5. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىقتىسادىنى

گۈللەندۈرۈپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئەمەلىيەت، سېھنىشتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات يولىدا ماڭدى.

6. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى.

7. يېزا - بازار كارخانىلىرى — دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەبلىغىنى جۇغلاش ۋە دېھقانلارنى ئورتاق بېيىشنىڭ مۇھىم يولى.

8. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

9. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

10. يېزا - بازار كارخانىلىرى يېڭى بىر ئەۋلاد دېھقان ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈردى، تەربىيىلىدى. (03)

(«ئۈنەن» «ياچېيكا تۇرمۇشى» دىن)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا باشقا سىياسىي تەشكىلات ۋە سىياسىي كۈچلەرگە قارىغاندا گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ئون جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى— جۇڭگودا ھازىر بىردىنبىر ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا يادرولۇق ئورۇندىكى پارتىيە.

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئەمەلىيىتىدە تاللىۋالغان، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن پارتىيە.

3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان ھەمدە شانلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن پارتىيە.

4. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەڭ ئىلمىي، كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىملىك ئىدىيە سىستېمىسى — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان پارتىيە.

5. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى باشتىن - ئاخىر جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان پارتىيە.

6. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ چېنىقتۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان پارتىيە.

7. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرى — «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت سوتسىيالىزم قۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بىردىنبىر پارتىيە.

8. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن جۇڭگودىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سەرخىللەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، زور بىر تۈركۈم قەيسەر تايانچىلارغا ئىگە پارتىيە.

9. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چەت ئەللەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاقابىل تۇرالايدىغان، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىيالايدىغان، ئىچكى مۇقىملىق ۋە تەرتىپنى ساقلىيالايدىغان، ۋەتەنگە، خەلققە، سوتسىيالىزمغا سادىق بولغان، قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچكە ئىگە ئارمىيىنى مەھكەم ئىگىلىگەن پارتىيە.

10. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلقئارانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ھۆكۈمىتى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە پارتىيە، ئۇ، خەلقئارادا ئىنتايىن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. (03)

(«تەشكىلات كادىرلار گېزىتى» دىن)

## يولداش چېن يۈن يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان يولداش جېن يۈنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلە، پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش مەسىلىسى ھەققىدىكى بايانلىرى ئەڭ كۆپ بولدى. پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىدە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. 1980 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جېن يۈن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان» نى ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا «ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى — پارتىيىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە» دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە «پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش، مەڭگۈ ئېلىپ بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. پارتىيە ئىستىلىنى قانداق قىلغاندا تۈپتىن تۈزەتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە يولداش جېن يۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلار بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، باشلامچىلىق بىلەن تۈپتىن تۈزىتىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان پارتىيىۋىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۈپتىن تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى ۋە پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەرنى ھەققىي تۈزىتىشى كېرەك. (03)

(«ج ك پ تارىخىدىن خەۋەرلەر» دىن)

## جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچ جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ

گوۋۇيۈەن سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يۈەن مۇ يېقىندا ئېچىلغان ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش، پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، دېدى.

يۈەن مۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىرىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇش ئۈلتىلىق ھەل قىلىنىپ، ئۇلار ھەققىي تۈردە بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، پەيدىنپەي ئۆزى ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرىدىغان، ئۆزىنى چەكلەيدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى تۈبدىن ھەل قىلىنىدۇ، پىلاننىڭ كۆپ بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپ بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس. كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلان بىلەن بازار ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋاسىتە. ئاچقۇچ — پىلان بىلەن بازارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا. ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى پائال ئۆزگەرتىلىدۇ. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھۆكۈمەتنى كارخانىلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشتۇرماسلىق پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بېكىتىش، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش، مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش، نازارەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە يۆتكىلىدۇ.

يۈەن مۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگودىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، لېكىن، بۇندىن كېيىنكى يول تېخىمۇ ئۇزۇن، ۋەزىپە تېخىمۇ مۈشكۈل. بىزنىڭ ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنە 20 — 30 يىل تىرىشىپ، جۇڭگوچە، بىر قەدەر مۇقىم، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان يېڭى تۈزۈلمە ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىرادىمىز ۋە ئىشەنچىمىز بار. (03)

(«خەلق گېزىتى» دىن)

## پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان

1945 ـ يىلى ئەتىيازدا، يەنەندە ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن قىلغان «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن سىياسىي دوكلاتىدا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1953 ـ يىلى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3 ـ تومى نەشر قىلىنغاندا ئېيمە سەۋەبتىندۇر بۇ بىر ئابزاس سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسى تۆۋەندىكىدەك:

سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۈركۈم مەبلەغ كېتىدۇ. بۇ مەبلەغ قەيەردىن كېلىدۇ؟ مۇنداق ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ: ئاساسەن جۇڭگو خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەبلەغ جۇغلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەتنىڭ ياردىمىدىنمۇ پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىغا پايدىلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىمىز. بۇ جۇڭگو خەلقى ۋە چەت ئەل خەلقىغە پايدىلىق بولغان ئىشلار. جۇڭگو مۇستەھكەم ئىچكى ۋە خەلقئارا ئىنچىلىقنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۆزۈل ـ كېسىل سىياسىي ئىسلاھات ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدىكى يېنىك سانائەتنى ۋە ئېغىر سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرالايدۇ. مۇشۇ ئاساستا، چەت ئەل مەبلەغلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى ئىنتايىن زور بولىدۇ. سىياسىي جەھەتتە چېكىنگەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات جۇڭگو جۇڭگو خەلقىغە ئىنتايىن پايدىسىز بولۇپلا قالماي، چەت ئەل خەلقىغىمۇ پايدىسىز. (03)

(«ج ك پ تارىخىدىن خەۋەرلەر» دىن)

## دۆلىتىمىزنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا تۆت خىل ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىشى ۋە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا مۇنداق تۆت جەھەتتە ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى تەڭ مەۋجۇت بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى؛ ئىككىنچى، مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش بىر قەدەر روشەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك نىسبىتى كۆپەيدى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك نىسبىتى كۆپەيدى، لېكىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئۈچىنچى، ھەر خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى دېگەندەك ئاشكارىلاندى، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىن تېز بولدى؛ تۆتىنچى، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىرىكتۈرگىلى بولمايدىغان چەك ـ چېگرا بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، ھەر خىل ئارىلاش مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى كارخانىلار، بەسلەن، ھەر خىل ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلەر، ھەر خىل پاي چېكى تۈزۈمىدىكى كارخانىلار، بىرلەشمە كارخانىلار، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار گۇرۇھى كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. (03)

(«ئۈچۈر گېزىتى» دىن)

## پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇشتا نېمىنى تۇتۇشى لازىم

بىرىنچى، كادىرلارنىڭ سىياسىي مەيدانىنى تۇتۇش؛ ئىككىنچى، كادىرلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى تۇتۇش؛ ئۈچىنچى، كادىرلارنىڭ كەسپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تۇتۇش؛ تۆتىنچى، كادىرلار مەسىلىسىدىكى تەشكىلىي پرىنسىپنى تۇتۇش؛ بەشىنچى، كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنى تۇتۇش؛ ئالتىنچى، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇش؛ يەتتىنچى، كادىرلارنى تەكشۈرۈپ ئىشلىتىشنى تۇتۇش؛ سەككىزىنچى، كادىرلارنىڭ تۇرمۇشى جەھەتتە دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئىشلارنى تۇتۇش لازىم.

ئابدۇللا ئاۋۇت رەتلىگەن

# تارىم ۋادىسىدىكى تۆمۈر ئايال



تاھىرجان نىياز

تارىم ۋادىسىغا جايلاشقان شايار ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزا گۈلباغ كەنت ئاياللىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ «يېرىم دۇنيا»لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ كەنتتىكى ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم تۆھپە يارىتالىشى بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بارلىقىنى پارتىيە ۋە خەلققە بېغىشلىغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە ئاياللار مۇدىرى بۈئايىشەم مەگىتتەك «تۆمۈر ئايال»نىڭ باشلامچىلىقىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ كومپارتىيىگە بولغان سادىقلىقى ۋە ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەزەلدىنلا پارتىيە ۋە خەلققە سادىق، پارتىيە ئىشلىرى، خەلق مەنپەئەتى يولىدا تۆھپە يارىتىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان بۇ ئايال كوممۇنىست پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن سۆيۈنۈپ ۋە غەيرەت - شىجائەتكە كېلىپ، بۇ كەڭ زېمىندا نى-نى ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 1987 - يىلدىن باشلاپ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى قانات يايدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، ئائىلىسىدىكى كارغا كېلىپ قالغان ئىككى ئوغلى بىلەن باقمىچىلىق، سەي - كۆكتاتچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ يىلىلا ئائىلىسىنىڭ يىللىق قوشۇمچە ئىگىلىك كىرىمىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1230 يۈەنگە يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتتىكى ئاياللارنى ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۇلارغا ئەقىل كۆرسەتتى. نەتىجىدە، 1989 - يىلغا كەلگەندە، كەنتتىكى ھويلا - ئارام ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ئاياللار 1987 - يىلدىكى 27 نەپەردىن كۆپىيىپ 54 نەپەرگە، ھەر بىر ئائىلىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 600 يۈەندىن كۆپىيىپ 1200 يۈەنگە يەتتى، بەش نەپەر ئايال يېزا دەرىجىلىك «ئىلغار ماھىر»، ئىككى نەپەر ئايال «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى، بۈئايىشەم شۇ يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

بۈئايىشەمنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، لېكىن خىزمەتتە تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ تەشەببۇسكار بولدى، كەنتتىكى باشقا كادىرلار بىلەن ئىشتا مەسلىھەت

قىلدى، كۆڭۈلدىكى ئەقىلغە مۇۋاپىق يېڭى خىزمەت پىلانى ۋە تەدبىرلەرنى ئۇلارغا مەلۇم قىلدى ۋە بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى، پىكىرلىشىپ بىرلىكتە ھەل قىلدى ھەمدە ئىشتا كونكرېت تەدبىر قوللاندى. ئالايلۇق، يېزىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىكى تېخنىك خادىملارنى ئاياللارغا تۈرلۈك تېخنىك بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى؛ ئاياللار گۇرۇپپىسىدىكى 41 نەپەر ئايالنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 150 مولۇق «ئاياللار تەجرىبە ئېتىزى»غا كېۋەز تېرىدى، ئۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا ياخشى باشقۇرۇلغانلىقتىن، يىللىق ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات قىممىتى 500 يۈەنگە يەتتى؛ تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەككىز نەپەر قىزنى «قىزلار پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى» قىلىپ تەشكىللەپ، 150 مولۇق «ئاياللار تەجرىبە ئېتىزى»نى شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى ھەمدە يېزىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىكى تېخنىك خادىملارنى ئايدا ئىككى قېتىم قىزلارغا كېۋەز پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشكە ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. نەتىجىدە، قىزلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسۈپ، تېرىش، سۇغىرىش، پەرۋىش قىلىش جەھەتلەردە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلدى، دورا چېچىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قائىدىلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، كېۋەز تېرىشتىن ئارتىپ، ئۈچىنى ئۈزۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ھەپتىدە بىر قېتىم ماشىنا بىلەن دورا چېچىپ تۇردى. شۇڭا، 1990 - يىلى 150 مولۇق «ئاياللار تەجرىبە ئېتىزى»نىڭ 50 موسىدىكى ئۈزۈن تالالىق پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلات قىممىتى 1030 يۈەنگە، 100 مو يەردىكى قىسقا تالالىق پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلات قىممىتى 850 يۈەنگە يەتتى؛ ماشىنىچىلىق، كەشتىچىلىك كەسىپلىرىنى ئۆگىنىپ، كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. شۇڭا، كەڭ دېھقانلار بۇئايشەمنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان بۇ «قىزلار پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى» ھەققىدە جانغا ئەسقاتتى، دېيىشتى؛ ئاياللارنى پىلە بېقىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۈچ مو يەردىكى ئۈجمىنى ياخشى باشقۇرۇپ، يوپۇرماق يىغىش جەھەتتىكى شارائىتنى ياخشىلىدى. نەتىجىدە، پىلە مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ياخشى بولدى، ئۆتكەن يىلى كەنت بويىچە پىلە مەھسۇلاتى 525 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئوتتۇرا بېشىغا 19 كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى.

بۇئايشەم ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋە كەنتكە چۈشكەن سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە گۇرۇپپىسىغا تەكلىپ بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، «ئاياللار ئائىلىسى» قۇردى ھەمدە ناھىيە بويىچە ئۈلگە كۆرسەتتى. «ئاياللار ئائىلىسى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاياللارنى پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە «ئاساسىي قانۇن»، «نىكاھ قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە قانۇن - تۈزۈم ئېڭىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن كەنت بويىچە 30 نەپەر ئايال قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىشتە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى، 75 ئائىلە «قانۇنغا رىئايە قىلغان شەرەپلىك ئائىلە» گۇۋاھنامىسى ئالدى.

بۇئايشەمنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، بۇ كەنتنىڭ ئاياللار خىزمىتى تەجرىبىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا بۇ كەنتتە بىر نەچچە قېتىم ئاياللار خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى ۋە تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى.

يولداش بۇئايشەم يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1978 - يىلدىن باشلاپ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت بويىچە ھەر يىلى تۈرلۈك شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ كەلدى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. يولداش بۇئايشەم نەتىجە ۋە شان - شەرەپ ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلانماي، تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ۋە غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىشلەپ، مۇستەھكەم، ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. (04)

(رەسىمنى ئابلىمىت ئابلىز سىزغان)



# نامسىز قەھرىماندىن نامايەندىلەر

— خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ئىبلى قادىر توغرىسىدا

ئازاتجان روزى، ئوبۇلقاسىم مەتنىياز

ئۇ، يۇرەكنى تىترىتىدىغان لىرىك ناخشىلىرى بىلەن ئالقىشلىنىپ ئالتۇن مىدالغا ئېرىشكەن «چولپان» ئەمەس، دۆلەتكە تونۇلۇپ ئاشلىق تاپشۇرۇپ داڭ چىقارغان «10 مىڭ جىڭ» چىمۇ ئەمەس، پەقەت جاپالىق خىزمەت ئورنىدا ئۈن - تىنسىز ئىشلەۋاتقان ئاددىي بىر ئاخبارات خادىمى؛ لېكىن ئۇ ياراتقان مەنىۋى مەھسۇلاتلار «چولپان» ۋە باشقىلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولمىسا كېرەك. ئۇ — خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەھرىرى، خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئىبلى قادىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى نەپىس تىللار بىلەن پەردازلاپ ئولتۇرماي، شۇ پېتى يېزىقتا ئايلاندۇرساقلا، مۇشتىرىلارنىڭ قانائەتكە كۆپايە قىلالايدۇ.

1970 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىبلى قادىر بىر مەزگىل قارا - قاشتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، 1970 - يىلى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۆزىلىغا يۆتكىلىپ، ئاخباراتچىلىق سەپىرىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى. يولداش ئىبلى قادىردىكى ئەخلاق ۋە قابىلىيەت بۇ رادىئو ئۈزۈلىدىكى مەسئۇللارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغاچقا، ئۇنى تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە بەلگىلىدى. خىزمەت ئەقسىماتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ئۇ، سىياسىي، كەسپىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بىر تەرەپتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورۇنلۇق سىياسەتلىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەشۇنقات خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى داۋاملىق ئىگىلەپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەسپىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى بېيىتىپ، پروگراممىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ساغلام، ئىدىيە جەھەتتە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە ئۆز ئورنىدىكى تايانچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

1980 - يىلى ئىبلى قادىر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولدى. چۈنكى ئۇ، شۇ يىلى شەرەپلىك ھالدا پارتىيىگە ئەزا بولدى ۋە شۇ يىلى ئۇ يەنە ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۆزىلىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ئۇ، رەھبەرلىك خىزمىتىگە كىرىشكەندىن كېيىن، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن رول ئوينىدى، پروگراممىلارنىڭ سىياسىي ئۈنۈملىكلىكىنى پۇختا ئىگىلەش ئاساسىدا، پروگرامما تۈرلىرىنى ئىلگىرىكى ئۈچ خىلدىن ئالتە خىلغا كۆپەيتىپ، رادىئودىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقات قورالىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان پروگراممىلارنىڭ يەتتىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىبلىپ بېرىلگەن نادىر خەۋەر - ماقالىلەرنى باھالاشتا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1981 - يىل ئۇ، ئىشلىگەن بىر پروگرامما ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىگەن: «يەنفى ئۇيغۇر تۇغقانلىرى بىلەن 35 يىلدىن كېيىن دىدار كۆرۈشتى»

تاملىق ماقالە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۆزى بولسا، «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «خوتەن گېزىتى» تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى، بەش يىل ئۇدا ئىدارە بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ، بۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە ئىشلىگەن يەتتە يىل — مول تۆھپىلەر ئارقىلىق گۈزەل ياشلىقىنىڭ ئالتۇن پەسلىنى رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە پۈركىگەن يەتتە يىل بولدى.

يولداش ئېلى قادىر 1982 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك يېزا - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا كادىر، رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئىشلىدى. گەرچە ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، تەشۋىقات، ئاخباراتچىلىق خىزمىتىگە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ يېزا - تېخنىكا جەمئىيىتىدە ئىشلىگەن مەزگىللەردە، ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلىق قالپىقىنى تېزرەك چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، يېزا - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېزا - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا، 500 سان «قاراقاش يېزا - تېخنىكا گۈلزارى» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ناھىيىدىكى 16 يېزا - بازاردىكى 280 مىڭغا يېقىن دېھقانلار ئاممىسىنى تەربىيىلىدى، ھەمدە ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلىكتە، ئاخبارات خەۋەرلىرىنى يېزىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر»لىق ئورنىنى ساقلاپ كەلدى.

1989 - يىلى 4 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئېلى قادىرنى قاراقاش ناھىيىسىدىن خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يۆتكەپ كەلدى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قەدىناس كەسپى بىلەن قايتا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. ئېلى قادىر بۇ ئىستانسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندە، بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىدى، بۇ ئورۇن تېخى بىخ ھالىتىدە تۇراتتى، تەجرىبىلەر كەمچىل، خادىملار ئاز بولۇشتەك رېئاللىق ئاخباراتچىلىق كەسپىدە خېلىلا پىششىق ماھارەت يېتىلدۈرگەن ئېلى قادىرنىڭ راسا كۈچىنىپ ئىشلىشىگە تەقەززا ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، تەھرىرلىك ۋە تەرجىمانلىق ئىشىغا قويۇلدى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى پۈتكۈل ئىش ھالقىلىرىنىڭ ئومۇرتقىسى ھېسابلانغان تەھرىرلىك ئۆتكىلى يولداش ئېلى قادىرنىڭ يېڭى خىزمەت سەپىرىگە ئاز بولمىغان مۈشكۈلاتلارنى ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇ، ئۇيغۇرچە پروگراممىلارغا نىسبەتەن بىردىنبىر تەھرىر ۋە بىردىنبىر تەرجىمان ئىدى. شۇڭا كۈندۈزلىرى خەۋەر - ماقالىلەرنى تەھرىرلىسە، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ، تەھرىرلىگەن ئۇيغۇرچە خەۋەر - ماقالىلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەۋەر - ماقالىلەرنىڭ دەل ۋاقتىدا ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ، ھازىرغا قەدەر تەھرىرلىك خىزمىتىنى بىجانىدىل ئىشلىگەندىن سىرت، 1000 پارچە خەۋەر - ماقالىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

يولداش ئېلى قادىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تالاي ھېيت - بايرام، خاتىرىلەش كۈنلىرى دەۋر قىلىپ ئايلاندى، بۇ كۈنلەردە بەزى كىشىلەر پوزۇر كىيىنىپ، ئاياللىرى بىلەن مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قاراپ ئاقاتتى، يەنە بەزىلەر ئوماق بالىلىرىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، تېلېۋىزوردا بېرىلگەن بايراملىق نومۇرلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلىناتتى. لېكىن ئېلى قادىر كۆپىنچە ھاللاردا بۇنداق كۆڭۈللۈك مەشەتلەرنىڭ سىرتىدا ئىدى، ئۇ، بۇنداق چاغلاردا تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا ئىشخانىسىدا خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇنىڭمۇ بەختلىك ئائىلىسى، كۆيۈمچان ئايالى، ئوماق، جان - جىگەر باللىرى بار، ئۇنىڭمۇ سەككىز سائەتنىڭ

سىرتىدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئۈرگۈنلىغان شەخسىي ئىشلىرى بار ئىدى، ئەمما پەۋقۇلئاددە خىزمەتنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن، ئۇ 10 — 12 سائەتلەپ ئىشلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەشۇنداق ئىشلەشلەر ئۇنى چارچاتتى، چېكە چاچلىرىنى ئاقارتتى. بىراق ئۇ، بۇنىڭغا قىلچە ۋايىسىمىدى، ئەكسىچە، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ قادىلىپ ئىشلىدى. بۇنداق ئىشلەش ئۈچۈن، كىشىدە بىر قەدەر يۇقىرى كەسپىي قابىلىيەتتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، خالىس تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت كوممۇنىستىك روھنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. 12 يىللىق پارتىيە ئەزالىق ستاژىغا ئىگە ئىبلى قادىردا يۇقىرىقى ئىككى خىل خىسلەتنىڭ ھەر ئىككىسى تولۇق ئىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئىبلى قادىرنىڭ ئايالى بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئىزدەپ كىرگەندە، ئىبلى قادىر يەنىلا ئۈستەلگە چىڭ يېپىشىپ خەۋەر تەرجىمە قىلىۋاتاتتى. ئايالى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا:

— سىز ھەر كۈنى ئاخشىمى دائىم مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، كۆپ ئورۇقلاپ كەتتىڭىز، ئىدارىدە سىزدىن باشقا ئادەم يوقمۇ؟ نېمانچە قىلىسىز؟ جان كېچە چېچەكلەپ كۈندۈز غازاڭ كىلمايدۇ، ئۆزىڭىزنى بوشراق ئۆپرىتىڭ، — دېدى. ئىبلى قادىر ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ:

— مەن كومپارتىيە ئەزاسى، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلەپ، تۆھپە يارىتىش — كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچى، جاپادىن قورقۇپ بۇرچۇمنى ئادا قىلمىسام پارتىيە، خەلققە قانداق يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى - دە، يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

يولداش ئىبلى قادىر تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پارتىيىنىڭ ئاخبارات - تەشۋىقات ئىشلىرى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ، كۆپلىگەن تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى ئۇنىڭغا شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى. 1989 - يىلى ئىستانسا بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، 1990 - يىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە خوتەن شەھىرى بويىچە «خىزمەت نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى، 1991 - يىلى يەنە ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇيۇشتۇرغان تۆھپىكارلار دوكلات ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، نەچچە 10 مىڭ ھەر مىللەت كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەجرىبە تونۇشتۇردى. شۇ يىلى ئۇ يەنە تەھرىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، يېقىندا ئۇ، يەنە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەۋەرلەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، ئۇ، خەلق ئاممىسىغا مول مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىش يولىدا يەنىلا جاپادىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، ھەم رەھبەرلىك خىزمىتىنى، ھەم تەھرىرلىك، ھەم تەرجىمانلىق خىزمىتىنى بىر - بىرسىگە توقۇنۇشتۇرماي، كۈچىنىپ ئىشلىمەكتە.

---

(بېشى 60 - بەتتە)

بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. قىسمەن رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلقنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، بەزى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. پۈتۈن مەملىكەتتە خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشتەك ئەھۋال بارلىققا كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قەھرىمانانە جەڭ قىلماقتا. بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنتايىن كەمبەغەل. خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىنى پىشقەدەملىرىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاز - ئازدىن جۇغلاپ، قاتتىق جاپا چېكىپ قۇرغان. ماۋزېدۇڭ ئىگىلىك تىكلىگۈچى سالاھىيىتى بىلەن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ بىزگە: ھازىر دۆلىتىمىز تېخى كەمبەغەل، ئىسراپچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ھەشەمەتلىك قىلىشقا شارائىت بولمىغاندا ھەشەمەتلىك قىلماسلىق كېرەك. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان، ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، ھەشەمەتلىك قىلىشقا شارائىت بولغاندىمۇ، يەنىلا ھەشەمەتلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس، كوممۇنىستلار تەس ئىشنى قىلىشى لازىم، دەپ نەسىھەت بەرگەن.(07)

# پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى

ئەنۋەرجان مەتنۇرى

چىرا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېقىندا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىشخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مامۇت كېرەمنىڭ ساختىپەزلىك قىلىپ، تەشكىلنى ئالداپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە 1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىشنى قارار قىلدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۇنى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا، سىڭلىسىنىڭ پىلاندىن ئارتۇق تۇغقان بالىسىنىڭ نوپۇسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تەكلىپ بەردى ھەمدە ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى بۇ ئىشتىن ساۋاق قوبۇل قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى.

مامۇت كېرەمنىڭ سىڭلىسى پاتەمسايىمخان ئەسلى چىرا يېزا تويپا ئېرىق كەنتىدە دېھقان بولۇپ، 1985 - يىلى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن مەزگىلدە، مامۇت كېرەمنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ نوپۇسى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. پاتەمسايىمخاننىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى يېزا نوپۇستا، بىرى شەھەر نوپۇستا ئىدى. پاتەمسايىمخان تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالمىغان ئەھۋالدا، 1991 - يىل بەشىنچى بالىسىنى تۇغقاندا، مامۇت كېرەم ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى، پاتەمسايىمخاننىڭ نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا بارىدۇ ۋە بۇ سىڭلىمنىڭ ئىككىنچى بالىسى ئىدى، سىڭلىم ھازىر تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنىمۇ بېجىردى دېگەندەك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنى ئالداپ، سىڭلىسىغا ئوپېراتسىيە ۋە داۋالىنىش ئۈچۈن 90.37 يۈەن پۇل ئېلىپ بىرىدۇ ھەمدە بازارلىق پەيچۇسوسىغا تونۇشتۇرۇش يازدۇرۇپ شەھەر نوپۇس رەسمىيىتىنى بېجىرىۋالىدۇ. 1991 - يىل 12 - ئايدا، چىرا يېزىسى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، پاتەمسايىمخاننىڭ يېزا نوپۇستا ئۈچ بالىسى بارلىقى سېزىلگەندىن كېيىن، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى 290 يۈەن جەرىمانە قويۇشنى قارار قىلىدۇ.

مامۇت كېرەم ياچېيكا شۇجىسى ۋە ئىدارىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل دۆلەت كادىرى تۇرۇقلۇق، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، سىڭلىسىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ساختىپەزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى. مامۇت كېرەمنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە ئۇنىڭ ئادەتتە ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، پارتىيىۋىلىكنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولغان. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك قائىدە - نىزاملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئاڭلىق ئۆزگەرتىپ، جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ئەمەلىيلىك بىلەن رىئايە قىلىشلىرى لازىم. (05)

# شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى



1951 - يىل قىشتىن 1953 - يىل ئاخىرىغا قەدەر، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى ئىلگىرى - ئاخىر ئېلىپ بېرىپ، فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە ئاساسىدىكى يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئىككى يىلدىن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، باندىت تازىلاش، توپىلاڭنى باستۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى پەيدىنپەي مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، دېھقانلارنى تۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىش، فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىش پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

## 1. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان فېئودال كۈچلەرگە قارشى كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتى، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش فېئودالىق تۈزۈمنى تۈزۈل - كېسىل يوقىتىشنىڭ مۇقەددىمىسى. 1950 - يىل 9 - ئايدىن 1951 - يىل 4 - ئايغىچە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئۆلكە بويىچە يەتتە ۋىلايەتتىكى 24 يېزا، توققۇز كەنتتە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى. تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شىنجاڭدا بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىياز ئاممىنى قوزغاپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى

تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»نى چىقاردى. ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇش، ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى شۇ يىلى 9 - ئايدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئۆلكە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىن 14 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتلەرگە ئەۋەتىپ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى ھەمدە شۆبە بيۇرودىكى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنى خىزمەت دۈيىنى باشلاپ جايلارغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە بىر نەچچە ۋىلايەتتە «ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى كومىتېتى» تەسىس قىلىنىپ، ئۆلكە بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە كونكرېت رەھبەرلىك قىلىندى.

ئۆلكە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى جايلاردا ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى(1) تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگىلەش، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش؛ (2) دەرد تۆكۈش يىغىنى ئېچىش، سىنىپىي تەركىبنى ئايرىش، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش؛ (3) قائىدە سۆزلەپ كۆرەش قىلىش يىغىنى ئېچىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ھەيۋىسىنى چۈشۈرۈپ، ئىجارىنى كېمەيتىش، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن ھېسابات ئېلىش؛ (4) كۆرەش مېۋىسىنى تەقسىم قىلىش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايوندا، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بەرگەن يوليورۇقى»نى چىقاردى. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارغا يېقىندىن تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، سودا - سانائەتچىلەر، زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن بىرلىشىپ، فېئوداللىزمغا قارشى كەڭ بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇپ، دۈشمەننى پارچىلاش ۋە يېتىم قالدۇرۇش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاز ساندىكى زومىگەر، پومېشچىك ھوقۇقدارلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش»تىن ئىبارەت ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش فاڭجېنىنى تۈزدى. جايلار ئەمەلىي كۆرەش جەريانىدا، نامرات دېھقانلارنى جەبىر - زۇلۇمنى ئەسلەش، دەرد تۆكۈش، ئېكسپلاتاتسىيە ئۈستىدىن ھېسابات ئېلىشقا كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئۇرغۇتتى. سىياسىي جەھەتتە، دېھقانلارنى قوزغاپ قائىدە سۆزلەپ كۆرەش قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەيۋىسىگە زەربە بەردى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىجارىنى كېمەيتىش (ئىجارىنى ئومۇمەن 25 پىرسەنت كېمەيتىش)، ئىجارە قايتۇرۇش شەكلى، زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ئۈستىدىن ھېساب ئېلىش، فېئوداللىزم كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئومۇمەن پومېشچىكلارغا قارىتا ئىجارىنى كېمەيتىش، ئىجارىنى قايتۇرۇش، فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە قىسمىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، بىردەك قارا - قويۇق ھېساب ئالماسلىق ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، زەربە بېرىش دائىرىسىنىڭ بەك كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان،

مۇئەييەن ئابرويى بولغان دېموكراتىك زاتلار (سىنىپى تەركىبى پومېشچىك ئايرىلغان)غا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى.

1952 - يىل 5 - ئايدا، ئۆلكە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق، ئۆلكە بويىچە توققۇز ۋىلايەت، 58 ناھىيە، 1500 دىن ئارتۇق يېزىدىكى 4 مىليونغا يېقىن ئاھالىسى بار دېھقانچىلىق رايونىدا زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلىپ، دېھقانلار سىياسىي جەھەتتە ئازادلىققا ئېرىشتى. سىياسىي ئېگىسى مەلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 740 مىڭ دېھقان دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتى، كەڭ يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكى تىكلەندى؛ ھەرىكەت جەريانىدا جەمئىي 4000 دىن ئارتۇق زومىگەر، پومېشچىك كۈرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان 500 دىن ئارتۇق كىشى قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلدى؛ زومىگەر، پومېشچىكلار ئىگىلىۋالغان يەر، ئۆي، چارۋا - ماللار ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئۆلكە بويىچە كېمەيتىلگەن، قايتۇرۇلغان ئىجارىنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 100 مىليون كىلوگىرامدىن ئاشتى؛ 70 پىرسەنت دېھقان غالىبىيەت مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولدى. ھەرىكەت جەريانىدا، زور بىر تۈركۈم يەرلىك مىللىي كادىرلار يېتىشتۈرۈلدى، جايلاردا 100 مىڭغا يېقىن يېزا - كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقان ئاكتىپلار بارلىققا كېلىپ، ئۇلار يېزا - كەنت ھاكىمىيىتى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى يادرو كۈچ بولۇپ قالدى. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بۈيۈك يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس ۋە تەشكىلىي ئاساس سالدى.

## 2. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى

1952 - يىل 8 - ئايدا، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئاچتى. قۇرۇلتايدا، شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسالاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. 9 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلار مەلۇم ساندا ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە دېموكراتىك زاتلارنى ۋە دىنىي زاتلارنى قاتناشتۇردى. ئۆلكە بويىچە 80 پىرسەنت مىللىي كادىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان يەر ئىسلاھاتى خىزمەت قوشۇنى تەشكىللىنىپ، يەر ئىسلاھاتى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈنجى قارارلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئالدى بىلەن ئۆلكە بويىچە 288 يېزىدا باشلىنىپ بەش باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى باسقۇچ: يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى قوزغاپ، ئاممىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئىبخمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە زورايتىپ، يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛

ئىككىنچى باسقۇچ: ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك پىكىر بېرىش، دېموكراتىك باھالاپ بېكىتىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەستىقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يېزىلاردا سىنىپى تەركىبنى ئايرىش؛

ئۈچىنچى باسقۇچ: پومېشچىكلارنىڭ يەر ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، سېتىۋېلىش. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پومېشچىكلار قوشۇمچە باشقۇرغان چارۋىچىلىق، سودا - سانائەت قىسمىنى قوغداشقا بەكمۇ دىققەت قىلىش، قانۇنغا بويسۇنغان پومېشچىكلار بىلەن قانۇنغا بويسۇنمىغان پومېشچىكلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش؛

تۆتىنچى باسقۇچ: «ئالدى بىلەن كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئوتتۇرا دېھقان ۋە باشقا قاتلاملارنىڭ مەنپەئىتىگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش» فاڭجېنى بويىچە، «ئىستىپاقىقا،

ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش» پرىنسىپى ئاساسىدا، يەرلەرنى تەقسىم قىلىش، «ۋاقىتلىق يەر خېتى» تارقىتىشنى يولغا قويۇش؛

بەشىنچى باسقۇچ: يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش. مەركەزنىڭ «ئاكتىپ، ئېھتىياتچان بولۇش» فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىپ، ئىجارە كېمەيتىش، زورمىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاكتىپلارنى ۋە ئاڭلىق نامرات دېھقانلارنى پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلىگە قوبۇل قىلىش.

1952 - يىل 12 - ئايدا، تۈنجى قارارلىق يەر ئىسلاھاتى غەلىبىلىك تاماملاندى. 1953 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قېپ قالغان 1200 دىن ئارتۇق يېزىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئورۇندالدى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن «كەمبەغەل دېھقان، يالانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا يوقىتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت يەر ئىسلاھاتى باش لۇشيەنىنى باشتىن - ئاخىر قەتئىي ئىجرا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىغا ئويغۇن كېلىدىغان بىر قاتار كونكرېت سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى پۈتكۈل يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا «قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن ئېھتىياتچان پوزىتسىيىنى بىرلەشتۈرۈش» نى تەكىتلەپ، يەر ئىسلاھاتىنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىلا ئېلىپ بېرىشنى قاتتىق ئىگىلەپ، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بارماسلىق؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پومېشچىكلارغا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىسمىنى يوقىتىش، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى قوغداپ قېلىش؛ باي دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى بەلگىلىدى؛ ۋەخپە يەرلەرگە قارىتا «مەسچىتلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەر، تۈز ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى بىردەك قوغداش، دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق» توغرىسىدا قەتئىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان كادىرلار ۋە ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلاشقان دېموكراتىك زاتلاردىن سىنىپى تەركىبى پومېشچىك ئايرىلغانلارغا قارىتا ئومۇمەن «ئۆتكەلدىن قوغداپ ئۆتكۈزۈش» سىياسىتى قوللىنىلدى. كۈرەش قىلىش ئوبيېكتى ۋە كۈرەش قىلىش ۋاقتىنى بەلگىلەشتە، ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسىنى ئاڭلىق قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا دىققەت قىلىش، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، يەر ئىسلاھاتىغا بۇزغانچىلىق قىلغان ئاز ساندىكى قانۇنسىز پومېشچىكلارغا زەربە بېرىش.

شىنجاڭدىكى يەر ئىسلاھاتى بىر يىل 4 ئاي ئېلىپ بېرىلىپ، 1953 - يىل ئاخىرى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. بۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يەرگە بولغان ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، 650 مىڭ نامرات دېھقانغا 7 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئوتتۇرىچە ھەر بىر ئائىلىگە 11.3 مو، كىشى بېشىغا 3.8 مو يەر توغرا كەلدى. ئەۋلادتىن - ئەۋلاد ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ قۇل قىلىنىپ كەلگەن نەچچە مىليون ھەر مىللەت دېھقانلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شىلىلىسىنى قامالاپ كەلگەن فېئوداللىق كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھەقىقىي تۈردە يەرنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى؛ يەر ئىسلاھاتىدا 3700 دىن ئارتۇق قانۇنسىز پومېشچىك ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى كۈرەش قىلىنىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەيۋىسىگە زەربە

(ئاخىرى 58 - بەتتە)

# تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا پارتىيىۋىلىك چىنىقىشىنى كۈچەيتىش لازىم

لەي شاۋساڭ

مېنىڭچە، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا پارتىيىۋىلىك چىنىقىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۆت جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۇقتىلىق تۇتۇش لازىم.

بىرىنچى، كوممۇنىزملىق غايىنى چىڭتىپ، «ھەممىدە پۇلغا قاراش» قا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. بىر كومپارتىيە ئەزاسى بىزنىڭ ھازىر سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى، ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېسىدە ھەمىكەم ساقلىشى كېرەك. كوممۇنىزمنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا مۇھتاج. شۇڭا، بىز سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، مۇنداق بىر پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، يەنى ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە خەلقنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا پايدىلىق بولمىغانلىكى ئىشلارنى پۇلى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بولغان يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، تارقاقچىلىق، مەھەللىۋازلىق، تار مەھكىمىچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانماسلىق كېرەك. بۇ ئۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىق — ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە.

ئۈچىنچى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، شەخسىيەتچىلىك ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىز نەپسىگە چوغ تارتىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئۈچ ئۇقتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك: (1) پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىز رايونى، ئىز تارمىقى، ئىز ئورنىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى، خەلق مەنپەئىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىگە شەرتسىز بويسۇنۇش لازىم. (2) قولىمىزدىكى ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىشىمىز لازىم. بىزگە ھوقۇقنى خەلق بەرگەن. شۇڭا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنى قانچىلىك پۇل بېرىلىشى ۋە قانچىلىك مەنپەئەت ئېگىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىز نەپسىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق بىلەن پۇل سودىسى قىلىش — خەلققە ئاسىيلىق قىلغانلىق، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەنلىك. (3) پارتىيىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش لازىم.

تۆتىنچى، كوممۇنىستلارنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش كېرەك. بۇ مەسىلىدە كومپارتىيە ئەزالىرى تۆۋەندىكى تۆت ئۇقتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك: (1) ماركسىزملىق دۇنيا قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ خەلققە قوشقان تۆھپىسى قانچە كۆپ، قانچە زور بولسا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ شۇنچە قىممىتى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. (2) پرولېتارىياتلىق مەيدانىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرگىز شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ پرولېتارىيات مەنپەئىتىگە خائىنلىق قىلماسلىقى كېرەك. (3) ماددىي نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي - ساددا ياشاشتەك ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. (4) پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كوممۇنىزم ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، دۇنيانىڭ غېمىنى يېيىشتە ئالدىدا، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرۈشتە كەينىدە تۇرۇشى لازىم. (07)

# شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى

رۇ پىڭ

شنجاڭ تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك خەلقىمىزنىڭ ئۈز ۋەتىنىگە بولغان قىزغىن ھېسسىياتى ۋە ئالىيجاناب روھىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان ۋە ئىلھاملاندۇرغان بىر بايراق. ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ روللارنى ئوينىغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچ، ئوخشاش بولمىغان مەزگىللىرىدە ئوخشاش بولمىغان كونكرېت مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. شنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. مىلادى 60 ـ يىلىلا غەربىي خەن سۇلالىسى شنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئورناتقان. بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ئالاقە باغلاش شنجاڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمگەك ۋە تۇرمۇش جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان. ۋەتىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەريانىدا، ھايات ـ ماماتتا بىرگە بولۇپ، گۆش بىلەن قاندەك ئايرىلماس يېقىن دوستلۇق رىشتىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى باشلىۋەتتى. بولۇپمۇ 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگوغا ئارقا ـ ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭگونى تەدرىجىي ھالدا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. جۇڭگو خەلقى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئوخشاشلا جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، ئاياغ ئاستى قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرىدى. چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا، شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن باتۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك سەھىپىلەرنى يېزىپ چىقىپ، كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانلارنى بارلىققا كەلتۈردى. 1855 ـ يىلىدىكى تارباغاي ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيە سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈۋېتىش كۈرىشى ۋە 1912 ـ يىلىدىكى چىرىيە خەلقىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى، شنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەيدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چارروسىيە شنجاڭغا قارىتا تالان ـ تاراج ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىپ، سودىگەر سىياقىدىكى كىشىلەرنى كۆپ قېتىم ئىلىغا ئەۋەتىپ ئاخبارات ئىگىلەپ ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇننى سودا رايونى قىلىپ ئېچىپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوراللىق تەھدىتى ئاستىدا 1850 ـ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى ۋە تارباغاتايدا سودا قىلىشقا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداقلا ئىككىنچى يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن

«جۇڭگو - روسىيە ئىلى - تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرلاپ ئىمزالاتقۇزغان، شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بىرىنچى تەڭسىز شەرتنامىدۇر. شەرتنامىدە چارروسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا تاجىسىز سودا قىلىشى، كونسۇلخانا قۇرۇش، سودا چەمبىرىكى تەسىس قىلىش قاتارلىقلارغا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ چارروسىيىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

1855 - يىلى 2 - ئايدا چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى تاتاسۇف كېلىشمىگە ئوچۇق-ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، بىر گۇرۇھ چارروسىيە سودىگەرلىرى بىلەن سودا چەمبىرىكىدىن چىقىپ، قورال كۆچى ئىشلىتىپ قانۇنسىز ھالدا تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ياقۇت ئالتۇن كېنىغا بېسىپ كىرىپ، ئىلىمىزنىڭ كان ئىشچىلىرىنى مەجبۇرىي قوغلاپ چىقىرىپ، ياقۇت ئالتۇن كېنى روسىيىنىڭ دەپ قالايمىقان جۆيلۈپ، يولسىزلىق بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىمىز كان ئىشچىلىرىنى قايتۇرۇپ چىقىش، ئىلىمىز كان ئىشچىلىرىنىڭ ئالتۇن كولىشىنى مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىسلاش، ئېتىش، باغلاش، دەرياغا تاشلاش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئۇسۇللار بىلەن ئىلىمىز كان ئىشچىلىرىدىن 200 نەچچە كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىق ھەرىكىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە كان ئىشچىلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار شۇ تىيەنباۋ، گاڭ دېلو، ئەن يۈشەن قاتارلىق توققۇز نەپەر ئىشچىسىنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسۇس تارباغاتاي سودا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان زەڭگىسى سابدۇنگە مەكتۇپ سۇنۇپ، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىقى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى ۋە ئالتۇن كانىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، قاتىلنى قاتتىق جازالاش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى ئاقلاش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، بۇ ھەققانىي تەلەپ ۋەتەن ساتقۇچى سابدۇننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. غەزەپلەنگەن كان ئىشچىلىرى چىدىغۇسىز ئەھۋال ئاستىدا، 1855 - يىلى 6 - ئايدا چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودا چەمبىرىكىگە يېقىن جايدا نامايىش قىلىپ، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قاتىلنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بۇ نامايىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچىسى ئامبىلىنىڭ توسۇشى ۋە تارقىتىۋېتىلىشىگە ئۇچرىدى. تارباغاتايدىكى ھەر مىللەت خەلقى كان ئىشچىلىرى قىلچە باش ئەگمەي، شۇنتىيەنباۋ قاتارلىق كان ئىشچىلىرى ۋەكىلىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، 500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت كان ئىشچىلىرى 1855 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق سودا چەمبىرىكى ئەتراپىغا يىغىلدى. كان ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئەن يۈشىيەن ئۆز قولى بىلەن سودا چەمبىرىكىدىكى ئوت - چۆپ دۆۋىسىگە ئوت يېقىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئوت يالقۇنىنى ئۇتاشتۇردى. چارروسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودا چەمبىرىكىدىكى ئۇرالغۇ جاي، مال - مۈلۈك قاتارلىقلار ئاساسەن كۆيۈپ تۈگىدى. سودا چەمبىرىكى ئىچىدىكى چارروسىيە سودىگەرلىرى ئۆيىدىن ئايرىلغان ئىتتەك رەسۋا بولۇپ قاچتى. تارباغاتاي ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيە سودا چەمبىرىكىنى كۆيدۈرۈشى — شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدۇر. بۇ قېتىمقى جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، ۋەتەنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۈستۈرۈپ، شىنجاڭ

خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى كۈچىنىڭ بارىچە جۇڭگو ئىنقىلابىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، شىنجاڭدا بۇرژۇئا ئىنقىلابى پارتلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «چاررۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى قوغداش»نى باھانە قىلىپ، ئىلى، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنى بىراقلا يۇتۇۋېلىپ، شىنجاڭنى چاررۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئورۇندى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان تەڭسىز شەرتنامىلارنى ئاساس قىلىپ، كونسۇلخانا قۇرۇش ئاساسىدا، يەنە كونسۇل تەيىن قىلىنمىغان جايلارغا قانۇنسىز ھالدا «سودا ئاقساقىلى» ئەۋەتىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئىبلىس قولىنى شىنجاڭنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغىچە سوزدى. «سودا ئاقساقاللىرى» ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تۇرغۇزغان گۇماشتىسى ۋە ئىشپىيونلىرى بولۇپ، ئۇلار ئەپپارتماستىن جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، قانۇنسىز ھالدا روسىيە مۇھاجىرلىرىنى تىزىملاپ ئەسىرلەر بويى شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقىنى چاررۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە قىزىقتۇرۇشتەك ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ بۇ خىل جىنايى قىلمىشلىرى خوتەننىڭ چىرىيە كەنتىدىكى قوترىشىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى.

چىرىيە كەنتى ھازىرقى خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسى بولۇپ، ئۇز ۋاقىتتا تارىم ئويمانلىقى ئەترابىدىكى بىر قەدەر چوڭ بولغان كەنت ئىدى. بۇ كەنتتە چاررۇسىيىنىڭ سىيتاھاجى ئىسىملىك بىر سودا ئاقساقىلى بار ئىدى. بۇ كىشى ئۆز خوجايىنى — چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوفنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چىرىيە كەنتىدىكى بىر ئوچۇم بىكار تەلەپ لۈكچەكلەرنى يىغىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا باجسىز سودا قىلىدىغان «سودا بېلەتى»نى ئېلىشقا قىزىقتۇرۇپ ۋە مەجبۇرلاپ، بۇنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنىڭ ئىسپاتى قىلدى. يەرلىك ئاھالىلەرنى چاررۇسىيىنىڭ «ھامىيلىقى»نى قوبۇل قىلىشقا قۇترىتىپ، چىرىيە كەنتىدە «روسىيە مۇھاجىرلىرى تەشكىلاتى»نى قۇرۇپ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنى شەپقەتسىز ئەزدى. ھەتتا روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قوراللىق توپىلاڭ پىلانلاپ، مۇستەقىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. سىيتاھاجىنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرى چىرىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1912 - يىلى 2 - ئايدا چىرىيىدىكى ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر خەلق يەرلىك ھۆكۈمەتكە سىيتاھاجىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئەرز سۇندى. يەرلىك ھۆكۈمەت روسىيە كونسۇلى سوكوف ۋە بىربىنسلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا «گۇۋاھچىلىرى تولۇق ئەمەس» دېگەننى باھانە قىلىپ سىيتاھاجىنى روسىيە تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەردى. بىربىنس ئۇنى خوتەنگە ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا سىيتاھاجى سوكوف، بىربىنسلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن چىرىيە كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، تېخىمۇ غالچىرلىشىپ ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋەتتى ۋە ئاشكارا ھالدا چىرىيە خەلقىنىڭ ھەممىسىنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ھەر بىر كىشىنى 20 — 25 سەر كۈمۈش چىقىرىپ، روسىيە تەۋەلىك گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، روسىيىلىك بولۇشقا مەجبۇرلىدى، ئۇنىمىغانلارنى سولاپ قويۇپ قاتتىق ئۇردى. بۇ خىل جىنايى قىلمىشلاردىن غەزەپلەنگەن چىرىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى دەرغەزەپكە كېلىپ خوتەن شەھىرىگە كېلىپ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلغان جىنايى

قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. جىرىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققانىي كۆرەشلىرى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن قەشقەردە قوزغىلاڭ قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەن گېلاۋخۇي قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى يەكەندە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى شيۇڭ گاۋشېڭنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جىرىيىگە ئەۋەتتى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شيۇڭ گاۋ شېڭ سىيتاھاجىنىڭ داتاڭغا سوراققا كېلىشىنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، سىيتاھاجى بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىنچە بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلارنى يىغىپ ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى قىين ئاتىسى، يەرلىك پومېشچىك ئابلىز قارىنىڭ ئۆيىگە توپلاپ، چاررۇسىيىنىڭ بايرىقىنى ئېسىپ جاھىللارچە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. يەرلىك ھەر مىللەت ئاممىسى سىيتاھاجى تۇرغان قورۇنى قورشاپ ئۇلار بىلەن يۈزتۇرانە كۆرەش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سىيتاھاجى ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئارمىيە ۋە خەلقتىن بولۇپ تۆت كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. غەزەپلەنگەن جىرىيە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە «گېلاۋخۇي» ئەسكەرلىرى سۈپۈرگىھاجىنىڭ باشچىلىقىدا سىيتاھاجىنىڭ ئۆيىسىگە ئوت قويۇۋەتتى. سىيتاھاجى ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە قول چوماقلىرى كېچىلەپ قېچىپ كەتكەندىن باشقا، 30 نەپەر چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى شۇنداقلا چاررۇسىيە بايرىقى، جاھانگىرلىككە قارشى ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇ قېتىمقى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا باش ئەگمەي قەيسرانە كۆرەش قىلىدىغان روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەشلىرىگە غايەت زور ئىلھام بەردى.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق زور كۆلەمدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيۈشتىكى ئەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىپتىخارىدۇر. نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزگە قارىتا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى تېزلەتتى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭنى تولۇق ۋەتىنىمىزدىن ئايرىۋېتىش خام - خىيالىدا بولماقتا. ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ بۇ خىل خام خىيالىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ باشتىن - ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، روناق تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغۇسى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەنۋەر قادىر
ئىبلى غوپۇر

---

(بېشى 53 - بەتتە)

بېرىلدى، نامرات دېھقانلارنىڭ غەيرەت - شىجائىتى ئاشۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك يېزا - كەنت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى، ئۇلكە بويىچە يېزىلاردا 340 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، پارتىيىگە 2366 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، 488 ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا 9000 غا يېقىن ئەزا قوبۇل قىلىندى؛ دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى 740 مىڭدىن مىليون 270 مىڭغا يەتتى. (03)

(رەسمىي ئابلىمىت ئابلىز سىزغان)

# «بىرلەشمە گەۋدە»، «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى»نىڭ قانداق پەرقى بار؟

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇزۇل - كېسىل پارچىلىنىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئەسلىدىكى 11 جۇمھۇرىيەت 12 - ئاينىڭ بېشىدا «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى» بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ «بىرلەشمە گەۋدە» نىڭ ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە گورباچېۋنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» بىلەن قانداق پەرقى بار؟

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن تەركىب تاپقان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىدى. ئۇ 1922 - يىلى ماقۇللانغان ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى ئاساس قىلاتتى. 1922 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى روسىيە ئىتتىپاقى، ئۇكرائىنا، بېلورۇسسىيە ۋە جەنۇبىي كاپكاز ئىتتىپاقى (گرۇزىيە، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە) دىن ئىبارەت تۆت دۆلەت سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بىر دۆلەت بولۇپ رەسمىي قۇرۇلۇپ، قىسقارتىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى دەپ ئاتالدى، كېيىن باشقا جۇمھۇرىيەتلەرمۇ كەينى - كەينىدىن بۇ ئىتتىپاققا كىردى. بۇ ئىتتىپاق تۈزۈلمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسى — سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى، دۆلەت قۇرۇلۇش ئاساسى — سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولۇپ، سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالىي سوۋېت مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلاتتى. ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا رىئايە قىلاتتى. ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى بارلىق يۇقىرىلار بىرلىككە كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە ئىدى.

گورباچېۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» دىن ئىبارەت بۇ تۈزۈلمىدە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا، جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئىتتىپاق قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ھوقۇقى، ئۆز جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىكى بارلىق تەبىئىي بايلىققا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، مۇستەقىل دىپلوماتىيە ھوقۇقى بېرىلگەن. لېكىن «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىتتىپاقى» يەنىلا بىر دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مەركىزىي ئورگان ۋە زۇڭتۇڭ تەسىس قىلىنغان، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن قوراللىق كۈچكە، بىرلىككە كەلگەن دىپلوماتىيە سىياسىتىگە، بىرلىككە كەلگەن پۇل ۋە بازارغا ئىگە ئىدى. ئىتتىپاقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇق مەركىزى جۇمھۇرىيەتلەرگە يۆتكەلگەچكە، تارقاق ئىتتىپاق شەكلىدىكى دۆلەت ھېسابلىناتتى.

«مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسى» نىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەردىن قارىغاندا، بۇ «بىرلەشمە گەۋدە» نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: ئۇنىڭدا مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنى، زۇڭتۇڭ يوق، ئۇ دۆلەت خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس، ئۇ دۆلەت ئۈستىگە قويۇلغان ئەمەلىي گەۋدە ئەمەس، ئۇ ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان، ماسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىلا بولغان بىر خىل تەشكىلاتتىن ئىبارەت. بىرلەشمە گەۋدىگە ئەزا ھەرقايسى دۆلەتلەر باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان، پۈتۈنلەي ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مۇستەقىل دۆلەت. ئۇلار مۇستەقىل دۆلەت بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى، مۇستەقىل دىپلوماتىيە سىياسىتى، ئۆز ئارمىيىسى بولۇشى، ئۆز خام چوتى، بېجى ۋە چېگرا بېجىنى بەلگىلىشى، ئۆز پۇلىنى تارقىتىشى لازىم ئىدى. بىرلەشمە گەۋدە پەقەت ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى، ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكىسى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىشىش ئەھۋالى ۋە تاشقى سىياسىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ ھەمدە «ئورتاق ھەربىي ئىشلار ستراتېگىيىسى» گە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدۇ ۋە يادرو قوراللىرىنى بىر تۇتاش تىزگىنلەيدۇ، خالاس. (07)

# جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتا، ۋەتەنداشلار ئۈچۈن دەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك

چېن داۋ

ئەينى يىللاردا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داشۆسىدە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس سۆزلەۋاتقان چاغدىكى سۈرىتى كىشىلەردە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، بولۇپمۇ كىيگەن چىلىقىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ ئىشتىنىنىڭ تىزىغا سېلىنغان چوڭ ياماق ئىدى. مانا بۇ يەنئەن مەزگىلىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ داھىيسى ماۋزېدۇڭ.

يەنئەن مەزگىلىدە، ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونىنىڭ سىرتىدا، پۈتۈنلەي يېڭى بىر دۇنيا بەرپا قىلىپ، ئىنقىلابىي بازىدىكى ئارمىيە - خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، قانلىق ئۇرۇش قىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. كوممۇنىستلار ھەممە تەرەپتە ئۇرۇش يالقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە، ماددىي نەرسە ئىنتايىن كەمچىل شارائىتتا، مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ماددىي نەرسە كەمچىل بولۇشتەك قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، ئارمىيە بوزيەر ئېچىش، ئارمىيە بەر تېرىشتەك «نەنىنۋەن» روھىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر كۆز تىكتى، ئۇلارنى مەدھىيىلىدى. پارتىيىنىڭ داھىيلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جۇئېنلەي قاتارلىقلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك بۇ «چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى» گە قاتنىشىپ، بازىدىكى ئارمىيە - خەلقنى تۇرمۇشتا ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، دۈشمەننىڭ ماددىي جەھەتتىن قامال قىلىۋېلىشىغا تاقابىل تۇردى. ئەينى چاغدىكى يەنئەندە، ئىجاتكارلىقنىڭ روھىي سالاپىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۇرغۇپلىغان ئىلغار ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار يەنئەنگە بېرىپ، ئىنقىلاب ئوچىقىدا ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرۇپ، پارتىيە بىلەن قىيىنچىلىقتا بىللە بولۇپ، دۆلەت بىلەن غەم - قايغۇنى تەڭ تارتىش، بارلىقنى تەقدىم قىلىشتىن يانمىدى. ئامېرىكا مۇخبىرى سنو يەنئەننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، قايناق ھېسسىيات بىلەن «قىزىل يۇلتۇز جۇڭگونى يورۇتتى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، دۇنيا خەلقىگە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قەھرىمانانە ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. دەل جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چېنىقتۇردى، ئىلھاملاندۇردى، جۇڭگو ئىنقىلابى ئوچىقىدىن يالقۇن چىقىرىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، 28 يىل قانلىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى! بۇ نېمىدېگەن كىشىنىڭ يۈرەك دولقۇنلىرىنى مەۋج ئۇردۇرىدىغان يىللار - ھە.

دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ داھىيسى بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەكلا، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچىل بولۇش روھىنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇ ئېغىر چايقىلاندىمۇ باشتىن - ئاخىر ئەرزان باھالىق چىش پاراشوگى ئىشلەتتى. 1957 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يولداش ماۋزېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش» تەك دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزى ئۇدا يەتتە ئاي گۆش يېمەي، پۈتۈن پارتىيىدىن خەلق بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشنى تەلەپ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك روھ جارى قىلدۇرۇلغاچقا، دۆلىتىمىز قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ راۋاج تاپتى.

بۈگۈنكى كۈندە، 42 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق، ھەم نامرات، ھەم ئاجىز جۇڭگونى دەسلەپكى قەدەمدە گۈللىنىپ روناق تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ

(ئاخىرى 48 - بەتتە)

## دادىسى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا بولامدۇ؟

يولداش تەھرىر: مەلۇم بىر يېزا مەلۇم كەنت پارتىيە ياچېيكىسى بىر نەپەر ياشنى پارتىيىگە تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىپ تەربىيەلەپ، بىر يىلدىن كېيىن ئانكېت تولدۇرغاندا، پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىگە مەزكۇر ياشنىڭ دادىسى (پارتىيە ئەزاسى) × × تونۇشتۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئىسمىنى يېزىپتۇ. مۇشۇنداق قىلسا توغرا بولامدۇ؟ چۈشەنچە بېرىلسە.

يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيە 52 - تۇەن 11 - لىيەندىن ئەخەت مەھەممەت

پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرىدۇ، ئىككى نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسى ئۇنى تونۇشتۇرىدۇ. ياچېيكا يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن شۇنىڭدەك كاندىداتلىق مۇددىتىدە سىنالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولىدۇ». شۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى: پەقەت پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ دادىسى ياكى بىۋاستە تۇرۇق - تۇغقانلىرى رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولسا ھەمدە پارتىيە نىزامنامىسىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن تونۇشتۇرغۇچى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تۈز تۇستىگە ئالالىسا، شۇ ئورۇندىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى ياچېيكا يىغىنىنىڭ بېكىتىشى بىلەن پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا بولىدۇ. لېكىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى ئامما ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئادەتتە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ دادىسى ياكى بىۋاستە تۇرۇق - تۇغقىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. قىسقىسى، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋە تەرتىپىنى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەرگە ئاساسەن ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. (05)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن تۇرغۇن رېھىم

## پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بىلەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟ پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىش بىر خىل جازا ھېسابلىنامدۇ؟

يولداش تەھرىر: ياچېيكا تۇرمۇشى ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان ئاقسۇ شەھىرى توپلۇق يېزىلىق پارتكومىدىن سىدىق يۈسۈپنىڭ «پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىلگەن كىشى خاتالىقىنى تۈزىتىپ، قايتا شەرت ھازىرلاپ پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى قايتىدىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ؟» دېگەن سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابتا-پارتىيىنىڭ ئىنتىزام جازاسى بەش خىل بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن چىقىرىش ئەڭ يۇقىرى جازا ئىكەنلىكىنى، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ پارتىيىدىن چىقىرىلغانلارنى بىر قەدەر ئۇزاقراق ۋاقىت سىنىغاندىن كېيىن، سىناقتىن ئۆتكەن، خاتالىقىنى ھەقىقىي تۈزىتىپ پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى ۋە پارتىيە تەشكىلىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشى ئارقىلىق قايتا پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىلگەنلەرنى پارتىيىگە قايتا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دېيىلگەن. ئۇنداقتا، پارتىيىدىن چىقىرىش بىلەن پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشنىڭ قانداق پەرقى بار؟ پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش بىر خىل جازا ھېسابلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

چىرا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدىن روزى مۇھەممەت

پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلسا ياكى باشقا ئېغىر مەسىلىسى بولسا، «پارتىيىدىن چىقىرىش» ياكى «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش» جازاسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيە تەشكىلىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «پارتىيىدىن چىقىرىش» بىلەن «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش»نىڭ ماھىيەتلىك پەرقى يوق. لېكىن، چارە كۆرۈلگەن پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ۋە مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «پارتىيىدىن چىقىرىش» ياكى «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش» جازاسى بېرىلىدۇ. «پارتىيىدىن چىقىرىش» پارتىيە تەشكىلىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىدىغان ئەڭ ئالىي جازا ھېسابلىنىدۇ. «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش» بولسا، پارتىيىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان خائىن، ئىشپىيون ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارىتا قوللىنىدىغان بىر خىل تەشكىلىي تەدبىردۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىككىسىنىڭ مەلۇم پەرقى بار. ئەمما، «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش» پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن بەش خىل جازادىن سىرت يەككە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جازا ئەمەس، ئۇ، «پارتىيىدىن چىقىرىش» بىلەن ئوخشاشلا بىر خىل جازاغا تەئەللۇق بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە: بۇ خىل جازا قوللىنىلغاندا، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ ياكى مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرىنى، جازا بېرىلىدىغان ئوبيېكتنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى مۇھىم. بۇنداق بولمىغاندا، مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن «پارتىيىدىن چىقىرىش» بىلەن «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىش» ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى ۋە پەرقىنى، قوللىنىدىغان ئوبيېكتنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. (05)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن تۇرغۇن رېيىم

## پارتىيە ئەزالىق بەدىلىدىن «كەسپىي راسخوت» ھېسابىدا پۇل چۈشۈرۈپ بېرىشكە بولامدۇ؟

يولداش تەھرىر: ناھىيە (شەھەر)لەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگان پارتكومىنىڭ ھەر يىللىق كەسپىي راسخوتىنى مالىيە تارماقلىرى بىۋاستە چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇۋاپىقمۇ ياكى تەشكىلات بۆلۈمى ناھىيە (شەھەر)لەرگە قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئاجراتقان پارتىيە ئەزالىق بەدىلى پۇلىدىن «كەسپىي راسخوت» ھېسابىدا پۇل چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇۋاپىقمۇ؟

كەسپىي راسخوت مالىيە تارماقلىرى تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ. تەشكىلات بۆلۈمى قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئاجراتقان پارتىيە ئەزالىق بەدىلىدىن «كەسپىي راسخوت» ھېسابىدا پۇل چۈشۈرۈپ بېرىشكە بولمايدۇ. پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى: (1) پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش ئىشىغا قوشۇمچە راسخوت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ (2) پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئادەتتىكى سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقلىرى ۋە زۆرۈر بولغان كەسپىي ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا، شۇنىڭدەك پارتىيە ئەزالىرى ئوقۇيدىغان گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلارغا مۇشتەرى بولۇشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ (3) ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچى خادىملىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەشكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ (4) خىزمەت قىلىش ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان پارتىيە ئەزالىرى، شۇنىڭدەك پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرىغا قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى قاتارىدا چىقىم قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. ئومۇمەن يۇقىرىقى چىقىم قىلىش دائىرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن باشقا ھەر قانداق ئىشقا پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. (05)

## ناھىيە (شەھەر)لەردىكى مۇئاۋىن رايون (بازار) باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى قايسى ئورۇن تەستىقلىغان مۇۋاپىق؟

يولداش تەھرىر: ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مۇئاۋىن رايون (بازار) باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوم تەستىقلاش، ئادەتتىكى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى ناھىيە (شەھەر)لەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان پارتكوملىرى ياكى رايون، بازارلىق پارتكوملار تەستىقلاش تۈزۈمى «پارتىيە نىزامنامىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە توغرىمۇ؟

بۇ تۈزۈم «پارتىيە نىزامنامىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە توغرا. چۈنكى، ناھىيە (شەھەر)لەردىكى مۇئاۋىن رايون (بېزا) باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ناھىيىلىك پارتكوم تەستىقلايدۇ، بۇ كادىرلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى تەستىقلاش ھوقۇقى. ئۇلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بىلەن بىردەك بولىدۇ. يەنى بۇ كادىرلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى، بۇ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا مۇناسىپ بولغان پارتىيە تەشكىلاتى تەستىقلايدۇ. بۇ كادىرلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشتا، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇلارنىڭ مەلۇم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىغا قاراپلا شەرتنى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ.

ئادەتتىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشىنى ناھىيە (شەھەر)لەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەستىقلىسا بولۇۋېرىدۇ. (05)

يۇقىرىقى ئىككى سوئالنى سورىغۇچى: ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك كومىتېتى ئورگان پارتكومىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم

جاۋاب بەرگۈچى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن غالىپ ھەسەن

## پارتىيە گۇرۇپپا باشلىقلىرى قانداق سىياسىي ساپاغا ئىگە بولۇشى كېرەك؟

بەزى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، تۇرغۇزۇلغان پارتىيە گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۆزلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي ساپا توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئېنىق ئەمەسكەن.

كومپارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي ساپانىڭ ئەڭ نېگىزلىك يېرى — مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداشتىن ئىبارەت. پارتىيە ئەزالىرى مەركىزىي كومىتېت بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلىمىغاندا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتىكى بىردەكلىكنى ساقلىغىلى بولمايدۇ؛ ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلغىلى، ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇپ پاك - دىيانەتلىك بولغىلى، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغىلى، خەلق يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ.

پارتىيە ئەزالىرىدىن سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلغاندا، پارتىيە گۇرۇپپا باشلىقلىرى بۇنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇندىشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك:

(1) پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاڭلىق ئەمەل قىلىشى لازىم.

(2) يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كەسپچانلىق تۇيغۇسىنى تىكلەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

(3) پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت تەشكىلىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم.

(4) پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ھەمدە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۈزۈم، بەلگىلىملىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

(5) ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئاممىغا كۆيۈنۈپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، ئامما بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك.

(6) پارتىيىگە سەمىمىي ـ سادىق بولۇپ، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇشى، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىنى يوشۇرماسلىقى كېرەك. (05)

## لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى توشقاندا، ئۇلارنىڭ تەشكىلىي رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟

لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى توشقاندا، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز ۋاقتىدا خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى داۋامىدىكى ئەمەلىي ئىپادىسىنى قاتتىق تەكشۈرىدۇ، شۇ كىشى ئىلتىماس قىلغان بولسا، پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە پارتىيە ياچېيكا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ياچېيكا يىغىنىنىڭ باھالىشىغا قويۇپ، ئەھۋالغا قاراپ چىقارغان قارارنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا يوللاپ تەستىقلىتىدۇ، ئەگەر كەمچىلىك ۋە خاتالىقىنى تۈزىتىپ، پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھازىرلىغان بولسا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش مۆھلىتى بىكار قىلىنىدۇ؛ تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمىگەن، پارتىيە ئەزالىق رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانلارنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرىدۇ ياكى پارتىيە ئىچىدە رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدۇ. (05)

## يېڭىسار رېستورانىنى چۈشەندۈرۈش

يېڭىسار رېستورانى ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې كوچىسىدا خۇسۇسىي مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كۆلىمى چوڭ، ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، زىننەتلىنىشى كۆركەم، سەي ـ تائام تۈرى كۆپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ياخشى مۇسۇلمانلار رېستورانى بولۇپ، ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. رېستوراننىڭ قۇرغۇچىسى — باش دىرېكتور تۇرسۇن ئىمىن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى يېتەكلەپ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 13 يىل مابەينىدە، ئۆزىنىڭ ئاشپەزلىك ۋە ناۋايلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، سىياسەت يول قويغان دائىرىدە قانۇنلۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدىن بېيىغان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، مەبلەغ سېلىپ كىچىك ئاشخانىنى چوڭ رېستورانغا ئۆزگەرتىپ، 50 كە يېقىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆتكەن يىلى ئۇ يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ناھىيىلىك يېتىم باللار مەكتىپىدىن 20 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەكېلىپ، كەسپىي جەھەتتىن ھەقسىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئۈستىگە ئالدى. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىپ، دۆلەتكە 240 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج ـ پايدا تاپشۇردى، مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاپ، مائارىپقا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. (05)



باش دېرىكتور باش مۇلازىمەتچىلەرگە تېخنىكا دەرسى ئۆتمەكتە.



يەر ئاستى زىيابەت زالىدىن بىر كۆرۈنۈش

# يېڭىسار رېستورانى ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.









⇧ بىر جوزىلىق بۆلۈمچىدىن بىر كۆرۈنۈش

⇦ ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئالدىدا.





ئۈرۈمچى شەھەر خۇاگخې كوچىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، يەككە تىجارەتچى تۇرسۇن ئىمىن مەبلەغ سېلىپ ئاچقان ھەشەمەتلىك، كۆركەم بېگىسار رېستورانى ھەر مىللەت خېرىدارلىرى ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىدۇ. رېستوراننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 540 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا 300 ئادەمنى كۈتۈۋالالايدۇ. رېستوراننىڭ نەپىس زىننەتلەنگەن بىر جۈزلۈك ۋە ئىككى جۈزلۈك ھەشەمەتلىك بۆلۈمچىلىرى، كەڭ ۋە ئازادە زىيابەت زاللىرى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئۈستەللەر تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، 400 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل مەزىلىك تائام ۋە قورۇلمىلار تەييارلىنىدۇ، ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ زىيابەت بويرۇتۇشىنى قارشى ئالىدۇ، پارچە خېرىدارلارنى خالىغان تۈرلەردىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.








باش دېرېكتور:
تۇرسۇن ئىمىن (ئۇگدا)
دېرېكتور:
ئابلىكىم تۇرسۇن
تېلېفون: نومۇرى
550035 .516722
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسى: خۇاگخې
كوچىسى 57 - نومۇر

ISSN1002—9451
CN65—1002/Z

ۋەكالەت نومۇرى 42 - 58
باھاسى 0.80 يۈەن پوچتا نومۇرى 830003
新疆《支部生活》维吾尔文版